مۇختار مەخسۇت



# يېرىم ئاسمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇختار مەخسۇت 1957 - يىلى 4 - ئايدا گۇما ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شۇ فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1997 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن. 2005 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

مۇختار مەخسۇت 1974 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان، 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە نەسرى، 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى، خەنزۇ ۋە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ نەشىر قىلىنغان ئاساسلىق كىتابلىرىدىن «ئاشىقلار سىرى»، «تەنھا قېيىق»، «ئىلاھە چوققىسى» (تەرجىمە) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «ئاخبارات يېزىقچىلىق ماھارىتى»، «مۇخبىرلىق سەنئىتى»، «ئەسىر بوسۇغىسىدا»، «يېزىقچىلىق» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى، «غەربكە ساياھەت» (رومانىنىڭ 1 -، 2 - تومى)، «يېڭى ئەسىر — مۇتەپەككۇرلارنىڭ ساداسى»، «بالىلارنى ئورتاق تەربىيەلەيلى»، «كەمپۈتتىن تاتلىق»، «كاتىبات يېزىقچىلىقى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

مۇختار مەخسۇت

# يېرىم ئاسمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

我的天空：维吾尔文 / 穆合塔尔·买合苏提著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.1
ISBN 978 - 7 - 228 - 14959 - 9

Ⅰ.①我… Ⅱ.①穆… Ⅲ.①诗集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2011) 第 282039 号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 孜来汗·艾则孜 |
| **责任校对** | 热娜古丽·阿不里米提 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆生产建设兵团印刷厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米 1/32 |
| **印　　张** | 6.25 |
| **版　　次** | 2012 年 2 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2012 年 2 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1-3000 |
| **定　　价** | 20.00 元 |

# مۇندەرىجە

تەنھا قېيىق ........................ 1
ئوتتۇز ئىككى يېشىم ........................ 2
ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا ........................ 4
دېڭىز (1) ........................ 7
خىيال، شامال ۋە تاش ........................ 9
ئۈرۈمچى ۋاقتى ........................ 10
تەكلىماكان ئۈستىدە قۇياش ........................ 11
ئاھ، بوستانە قاراۋۇلى ........................ 13
مۇشكۈل سەپەر ........................ 16
مەڭگۈلۈك ۋىسال ........................ 18
تاش ئابىدە ........................ 19
يۇلغۇن ........................ 20
سايەم ........................ 21
باھار ........................ 23
يېشىل گىياھ ........................ 25
تېڭىرقىغان مىسرالار ........................ 27
سەۋدالىق ئەسلىمىلىرى ........................ 31
شۇندىن بېرى ........................ 37
بەلكىم ........................ 38
سۆيگۈ رىۋايىتى ........................ 39
دېڭىز (2) ........................ 40

ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟ ........................ 41
ئاق بۇلۇت ........................................ 42
كۆتۈش ........................................... 43
قاپقارا قوي كۆز .................................. 44
بۇ ئاخشام ........................................ 45
كاككۇك .......................................... 47
قىيانى قۇچاقلاپ ئاققاندا سۇلار ..................... 49
كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار ....................... 50
يامغۇر ............................................ 51
بىر ............................................... 52
سۆيگۈ يولىدا ..................................... 53
سېنى كۈتۈپ ...................................... 54
كۆزلەر ........................................... 56
كۆمۈر ھەققىدە .................................... 57
دەريا ئويغىنىدۇ ................................... 60
ۋەزنىسىنى ئۆلچەپ كۆرگىن ھەر ۋاراقنىڭ ............ 62
چېچەك سىرى ...................................... 64
جانانىمۇ سەن ..................................... 66
ئاشىقلار سىرى .................................... 67
دەرەخ ............................................ 69
ھىجران كېچىسى .................................. 70
كەچ كۈز تۇيغۇسى ................................. 71
سۆيىمەن، ۋەتەن سېنىڭ باھارىڭنى ................... 74
ھىلال ئاي ......................................... 77
تەكلىماكان ........................................ 79
دوستلىرىم ........................................ 83
كۆز ............................................... 85

تىلىكىم ..................................... 87
يىگىت بولساڭ .............................. 88
قويۇۋەت مېنى .............................. 89
ھايات يولىدا ................................ 90
شارقىرايدۇ يامغۇر تىنىمسىز ............... 92
سېخىي ئەينەك ............................... 94
يىراق بولسۇن مىننەتتىن ئالەم .............. 96
ھايات ........................................ 98
چۈشلىرىم .................................... 100
يىقىلماس ئابىدىلەر .......................... 102
ۋەتەن ئىشقى ................................. 108
مېنىڭ يارىم ................................. 109
تۇيۇقلار ...................................... 111
سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراغ ......... 112
مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن .......... 115
پەخرىم ....................................... 119
دەريادىن چۇقان ............................... 121
سەھرا يولى ................................... 123
قەدىناس شەھىرىم ............................ 125
تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق ............... 127
دەريا ۋە دېڭىز ............................... 129
كۆك دېڭىز .................................... 130
قۇملۇق ۋە دېڭىز ............................. 132
قۇلۇلىنىڭ ئىقرارى ........................... 134
ئېلىپ كەت ناخشامنى، دېڭىز شاملى ........... 135
دېڭىزدەك تەۋرىنىش بولسا قەلبىمدە .......... 137
يول چىرىغى .................................. 139

هايات ........................................ 141
مۇقام ........................................ 143
ۋاپادارلىق ........................................ 144
مەن بۇلاق بوپ قايندىم، بىراق ........................ 146
ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى ........................ 148
سالام پايتەخت، سالام قۇربان ھېيت ........................ 151
ئاتمىش يىلنىڭغا ........................................ 153
قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي ........................................ 155
تاغ سەيلىسى ........................................ 166
ياغقىن قار ........................................ 172
قوشماق ئاداش بولدۇق بىز ........................ 173
ئۇ نېمە ........................................ 175
تات، تات، تات ! ........................................ 180
ناخشا تېكستلىرى ........................................ 182
مەردلىك قىسسەسى ........................................ 186

# تەنھا قېيىق

ساھىلدا تۇرىدۇ تەنھا بىر قېيىق،
داتلاشقان قوزۇققا باغلاقلىق مەھكەم.
ئۇ بۇنداق تاشلىنىپ ياتقىلى نەكەم،
ئاستىدا لاتقىلار بوغىدۇ دىمىق.

يىراقتا ــ زەڭگەر رەڭ دېڭىز يۈزىدە
يەلكەنلىك كېمىلەر سويلايدۇ ئەركىن.
يېگانە شۇ قېيىق تەلمۈرەر غەمكىن،
ئۆكۈنۈش ياشلىرى ئەگىپ كۆزىدە.

دولقۇنلار كېلىدۇ ئېيتىپ ئارىيە،
يېتەكلەپ بارغىلى ئۇنى دېڭىزغا.
نە ئامال بىچارە بۇ «تۇتقۇن قىز»غا،
غىچىرلاپ بىر ئاچچىق قىلىدۇ نالە.
كېمىلەر ئۇپۇققا كەتتى يىراقلاپ،
ئۇ تۇرار شاۋقۇنسىز ساھىلنى ساقلاپ.

1988 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# ئوتتۇز ئىككى يېشىم

توسۇن ئاتنىڭ تۇياقلىرىدا
تاشلاردىن ئوت چاقناتقان يېشىم.
چايكىلارنىڭ قاناتلىرىدا
ئاپپاق بۇژغۇن چاچراتقان يېشىم.

چىن تۆمۈر ھەم سادىر پالۋاننىڭ
نەپەسلىرى قوشۇلغان يېشىم.
قوشاقلىرى قىيا يۈزىگە
كۈمۈش تەردە توقۇلغان يېشىم.

يول - يوللارغا ياققان گۈلخېنىم
ئۆچكىنى يوق، ئەمدى ئۇ قوقاس.
بۈركۈتلىرىم يۈرەر قىيغىتىپ،
تاغدىكىدەك سالمايدۇ قىيقاس.

ئېگىلىپتۇ ئۆمۈر شاخلىرىم
يۇلتۇزلارنى ئېسىپ بوينىغا.
زەر يالىغان ياپراقلىرىمنى
يەر تېۋىنىپ چىللار قوينىغا.

يوللىرىمغا باقسام قايرىلىپ،
تالاي چۈشۈم ياتىدۇ ئۆلۈك.

سوۋغا قىلىپ رېشىلىيەسىنى
ئۇ دوقمۇشتا كۆتەر ئۆمۈچۈك.

ئەنە ياز ھەم كۈز ئارىسىدا
ئاقۇچ مانان ياتار يېيىلىپ.
قېچىپ كېتەر يېڭى چۈشلىرىم،
ئويىنغىلى تېخى سۈت ئېمىپ...

1989 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا

چۈچەكلەردەك خىيال سۈرەتتىم،
ئايانغۇ بۇ سەبىيلىك ساڭا.
ئاپپاق ھېسلار بولسۇن جىلۋىگەر،
ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا.

سىزاي ئاۋۋال زەڭگەر ئاسماننى،
پەرۋاز قىلسۇن ئۇندا ئاق كەپتەر.
چىمەنلەردىن قىزىلگۈل چىشلەپ
ئۇچۇپ بارسۇن ئورمانغا قەدەر.

سىزاي سۈزۈك، تىنىق تاغلارنى،
ياپراقلاردا ئوينىسۇن قەترە.
سۈمۈرسۇن يەر ئاچچىق چاغلارنى،
ھەربىر چېچەك پۈركسۇن ئەترە.

سىزاي، ئانا، شۇنداق باھارنى،
تاشلاردىنمۇ تۇغۇلسۇن رەيھان.
چېكسىگە قىسقاندا چۆللەر،
سۆيسۇن ئۇنى ئېگىشىپ ئاسمان.

سىزاي كۆزنى، ئۇندا قۇياشنىڭ
ناخشا بولسۇن پىچىرلاشلىرى.
ھاپاش قىلسۇن ئالتۇن چەشلەرنى
ھارۋىلارنىڭ غىچىرلاشلىرى.

سىزاي جىمجىت تەكلىماكاننى
چۆشلىرىمنى كەشتىلەپ ئاڭا.
يۇلغۇنلارنى ئۆپكەندە قۇياش،
لەۋلىرىدە يانسۇن ئوت ـ لاۋا.

سىزاي تارىم ئۆركەشلىرىنى
ئەقدەمنىڭ شاھتى بىلىپ.
ئۆزۈلدى دەپ چەكمىگىن ھەسرەت،
قۇملۇقلارغا ئۇ كەتسە سىڭىپ.

ئاق چېچىڭغا رەڭ بېرەي، ئانا،
سىيا قىلىپ ئېزىپ مەن تۈننى.
ئاق ئالمدەك سۈزۈلسۇن كېچە،
باغاشلىسۇن يوللىرىڭ كۈننى.

ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا،
سىزاي ئەركىن، ئاپپاق كەپتەرنى.
قانىتىدا يەلپۈپ دىللارنى،
ئۆچۈرسۇن ئۇ بارچە دەردلەرنى.

سىزاي شۇندا يارنىڭ كۆزىنى،
ئۆيۈپ قالسۇن ئۇندا شوخ كۈلكە.

سۆيۈشلەردىن رەڭلەنگەن لەۋلەر
شەپەق بولۇپ يېيىلسۇن كۆككە.

چۆچەكلەردەك خىيال سۇرەتتىم،
ئايانغۇ بۇ سەبىيلىك ساڭا.
تەبىئەتكە كۆچسۇن چۇشىمىز،
ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا.

1989 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# دېڭىز

چاڭقاپ ياتقان جانسىز چۆللەرگە،
سۈكۈت تونى كىيگەن كۆللەرگە،
ناخشا كۈتۈپ قاتقان كۆزلەرگە،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

ئورمانلارنىڭ شىلدىرلىشىغا،
قۇشقاچلارنىڭ پىچىرلىشىغا،
ياپراقلارنىڭ تىپىرلىشىغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

باياۋاننىڭ بۇلاقلىرىغا،
چوپانلارنىڭ قوشاقلىرىغا،
تۇلپارلارنىڭ تۇياقلىرىغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

كەپتەرلەرنىڭ قاناتلىرىغا،
قەدىم تۇگمەننىڭ پەريادلىرىغا،
مىسكىن كۈينىڭ قات ـ قاتلىرىغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

يەر قۇچاقلاپ ياتقان تاشلارغا،
ئاق بۇلۇتلار تۆككەن ياشلارغا،

ئېكىنزارغا، چىمەن قاشلارغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

يىلان باغرى قىستاڭ يوللارغا،
مۈگدەپ ياتقان مىسكىن قىرلارغا،
قەدەملەرگە، ئۈنسىز دىللارغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

دېڭىز، دېڭىز، ئەي ئەركە دېڭىز!
كائىناتنى كەزسۇن شامىلىڭ.
پەرۋاز قىلسۇن كۆكتە بۇلۇتتەك،
ئاق بۇژغۇنلار بولۇپ رومالىڭ.

دېڭىز، دېڭىز، ئەي يېشىل دېڭىز!
ناخشام سەندىن تىلەيدۇ سادا.
دولقۇنۇڭغا مىنىپ تاغلاردا،
كەزسەم دەيمەن ئۇپۇقلار ئارا.

1989 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# خيال، شامال ۋە تاش

چۈشلىرىم
شاماللارغا بولماقتا يەم،
قاپ ئىچىدە تۈگۈلۈپ روھىم
ئولتۇرىدۇ، كۆزلىرىمدە نەم.
بىر ئۈچكىنى سىلىپ ئىغزغا،
تەكرار ـ تەكرار شورايمەن بۇ دەم
مەرۋايىتقا ئايلانسىكەن دەپ.
خيال — پەرىشتەم
بال سورايدۇ
قۇياش كۆكسگە ئىسلىپ مەھكەم،
قۇياش ئالتۇن قوللىرى بىلەن
پەرلىرىمنى ئۆتكەندە تاراپ،
ساقاللىرىم ئىچتى كۈمۈش مەي.
چىشلىرىم
ئۈرۈق بولۇپ تۆكۈلدى يەرگە،
قارا تاشقا ئايلاندى،
قوۋۇزۇمدا قەدىناس ئۈچكەم.

1989 ـ يىلى ئۆكتەبىر

## ئۈرۈمچى ۋاقتى

قوشنام داستىخان يېيىپ شەپەقتىن
ھۈزۈرلىنىپ يېيىشمەكتە ئاش.
خور تۇشۇيمەن چۈشلەردىن چۈشكە،
سۈنئۇق ئايىنى قىلغانچە ھاپاش.
رەنجىپتىمەن تېخى خورازدىن
چىللىمىدىڭ دەپ.
خوراز ئېيتتى:
نە ئۈچۈن
جامالىنى كېچىكىپ دائىم
كۆرسىتىدۇ بىزگە شۇ قۇياش؟!

1989 - يىلى ئۆكتەبىر

# تەكلىماكان ئۈستىدە قۇياش

چۈشلىرىمدىن تۇغۇلغان قۇياش
توختاپ قالدى
تەكلىماكان ئۈستىدە.
چارچىغانمۇ ئەمەس،
چاڭقىغانمۇ ئەمەس.
توستى ئۇنى
كۆزىگە قادىلىپ
ئەسىرلىك سۈكۈت.

تەكلىماكان
ياتار ئۇپۇققا باش قويۇپ،
كەم سۆز بوۋايدەك سۈكۈتتە جىمجىت.
ئويغىتالمىدى ئۇنى چاقماقلار،
ئويغىتالمىدى
بوران ئېلىپ كەلگەن قوشاقلار،
سىڭىپ كەتتى تارىممۇ
شاۋقۇنىنى بېرىپ قۇملارغا
ئۈنسىز، تىۋىشسىز.
مانا
زومچاق - زومچاق بارخان ئاستىدا
كۆمۈلۈپ ياتار تالاي ئارمانلار.
يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكلىرىدە

جۇلالىنار
تىلەكلەردىن ئۇقچۇغان قانلار.
قىرى توغراق تۆۋىدىن
قۇيۇن بولۇپ ئۆرلەر پەلەككە
تۆنۈگۈنكى
سوۋۇپ كەتكەن گۈلخانلار.
چۈشلىرىمدىن تۇغۇلغان قۇياش
ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلىپ ئاڭا
قانات قاقتى،
تۆكۈلۈپ چۈشتى پەرلىرى،
سىرغىپ چۈشتى ئالتۇن ياشلىرى،
چېچەكلەتكىلى
بۇنداق گۈزەل رىۋايەتلەرنى،
ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەپسانىلەرنى.
شۇنداق،
چېچەكلەيدۇ بۇندا رىۋايەت،
چېچەكلەيدۇ
ئاچچىق تەرگە قېنىققان قۇياش.
(تومۇرۇمدۇر ئالتۇن تالاسى)
شۇڭغۇپ كىرىپ
تەكلىماكان تەكتىگە،
قۇچاقلاپ چىقار ئۇنىڭ ئۇستىگە
سەن كۈتكەن،
مەن كۈتكەن
تەكتىدىكى ماكانىنى —
يېپيېڭى بىر دۇنيانى.

1988 - يىلى

# ئاھ، بوستان قاراۋۇلى

تا ئەزەلدىن بويۇك پاكار،
ئۆسمىدىڭسەن،
ئۆسەلمىدىڭسەن.
(بەلكى ئۆسۈشنى خالىمىدىڭسەن)
چۈشەنگەنلەر
ساڭا ئوقۇشار تۈمەن مىڭ تەفسىن،
پاخپاق دېمەس،
ئەخمەق دېمەس،
چۈنكى بوستاننى تاللىمىدىڭسەن.
ئەۋلادمۇ ئەۋلاد
سۇرمەستىن زۇۋان،
باغلار چېتىدىن
قۇملۇق ئىچىدىن
تۇتتۇڭ سەن ماكان.
بوستانلارنى
بوران كېلىپ سوقمىسۇن، دەپ،
مېۋىلەرنى
قاراقچىدەك قاقمىسۇن، دەپ،
سىپىل تۈزەپ،
نەيزەڭنى بەتلەپ،
قاراۋۇلدا تۇردۇڭ سەن ھامان.
تۈز ئىدىڭ سەن نوتا چېغىڭدا

(خۇددى كۆڭلۈڭدەك)
بىراق تۈز پېتى ئۆسەلمىدىڭسەن.
گويا تۈمەن مىڭ ئاچ بۆرىلەردەك
بوران ھۇۋلاپ كېلىپ تىنىمسىز،
ئەگدى بېلىڭنى،
ئېگىۋەتتى خۇددى كاماندەك.
ئېرىقلارمۇ،
ئۆستەڭلەرمۇ
ئەگىپ كەتتى سېنىڭ ئالدىڭدىن،
چاڭقاقلىقتا قىيناپ دىلىڭنى
دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارمىغاندەك.
چوكانلارمۇ كېلىشتى
پالتا بىلەن چاناپ يۈزۈڭنى
تارام ـ تارام ياشلاپ كۆزۈڭنى،
ئېلىپ كەتتى يېلىمىڭنى
ئەۋزەل كۆرۈپ خۇددى مارجاندەك.
ئاز بولدى،
بەكمۇ ئاز بولدى
تەبىئەتنىڭ
ئىنسانلارنىڭ ساڭا بەرگىنى،
بەلكى باشقىلاردەك
ئەتىۋارمۇ كۆرمىدى سېنى.
بىراق
ئالغىنىڭدىن بەرگىنىڭنىڭ كۆپلۈكىگە
قايسى ئەقىل ئىگىسى
كۆز يۇمسۇن قېنى،
تانغاق موللام كۆز يۇمغىنىدەك؟!

شۇڭلاشقا
ھەر باھاردا گۈل ئاچقىنىڭدا
شامال ئېلىپ كېلەر ھىدىڭنى،
پۇرايمىز ئۇنى
مۇشكى ئەنبەر پۇرىغاندەك.
قۇياشمۇ،
تولۇن ئايمۇ
مېھرى بىلەن سۆيەر سېنى
ئانا بوۋاقنى ھىدلىغاندەك.
شۇڭلاشقا
ياپراقلىرىڭ جۇلالايدۇ
كۈمۈش تەڭگىدەك،
مېۋىلىرىڭ كۆز چاقنىتار
يۇلتۇزلاردەك،
گويا ئالتۇن يۇلتۇزلاردەك.
ئاھ، بوستان قاراۋۇلى
سەن مېنىڭ قەلبىمدە،
سەن
بەكمۇ
يىراقتا...
خىياللارنىڭ گىرۋەكلىرىدەك...

1986 - يىلى

# مۇشكۇل سەپەر

قىسقىغىنا شۇ بىر كوچىدا
ئېغىر چامداپ ماڭدۇق بەك ئۇزاق.
يۈكلەر نامرات، پۇشۇلدار ئۆكۈز،
ئۆز ئورنىدا پىرقىرايدۇ چاق.

سەھرا، سەھرا، يەنە سەھرالار ...
تىك بىنالار كۆزلەردىن يىراق.
چىڭ ئېتىلگەن روجەك ئىچىدە
يىقىنلاشساق ئۆچۈپتۇ چىراق.

مۇساپىنىڭ قاي بىر يېرىدە
ھال رەڭ چېچەك ئېچىلغان بىر ۋاق.
چۈشۈرمىدۇق ئۇنى ئېغىزدىن
تەكرار، تەكرار توقۇدۇق قوشاق.

بىز چوقۇنغان ئىلاھىي ھەيكەل
ئاللىقاچان بوپقالدى ئاۋاق.
قولىمىزدا تىترەر سىلكىنىپ
قامۇسلاردىن نەچچىلا ۋاراق.

قىسقىغىنا شۇ بىر كوچىدا
ئېغىر چامداپ ماڭدۇق بەك ئۇزاق.

ئىزىمىزنى يۇتقان قۇملۇقتا
پېشىمىزدىن تارتىدۇ قامغاق.

سۇس ئىزلارنى سۆيەر قەدەملەر،
مەنزىل ئۈچۈن يېمەستىن تولغاق.
ئانىمىزمۇ دەسسەپ شۇ ئىزنى،
كۆتۈرگەنكەن بىزلەرگە قورساق.

ئوغۇز سۈتى سىڭگەن ھەم شۇنداق،
سايە قوغلاپ باسىمىز ئاياق.
مېۋە ئۈزۈپ كېتىدۇ بوران،
بىز قالىمىز تېرىپ يوپۇرماق.

چەۋەندازلار ئۆتسە چاقماقتەك،
ۋەھىمىگە چۈشىمىز ھەر ۋاق.
بىر نەچچە رەت بۇزۇلدى ئۇيقۇ،
چۈشلەرگىمۇ چۈشتى كۆپ ئۇلاق.

نېمىندۇر كۈتىمىز يەنە،
جىلغىلاردا قۇرۇيدۇ بۇلاق.
نىگاھلاردىن ئۇچقان ئاق كەپتەر
قايتىپ كېلەر بولۇشۇپ تورغاق.

ئەنە، ئۇپۇق يۈزى قىزاردى،
ئېچىپ بىزگە يىراقتىن قۇچاق.
بىر داۋاندىن ئارتىلغۇچە بىز،
بولۇپ قاپتۇق ئاقساقال دوڭغاق ...

1989 - يىلى ماي

# مەڭگۈلۈك ۋىسال

تىك قىيادا قۇچاقلاشتى كۆزىمىز،
ئارىمىزدا ئىگىشىپ قالدى ئىزغىرىن،
غۇلاپ چۈشتى دەرياغا شوخ كۈلكىمىز،
تىرىلۋالدى ئويناپ يۈرۈپ ساھىلدا
گۇگۇم پەيتى بىر جۈپ نەۋرىمىز.

1989 ـ يىلى دېكابىر

# تاش ئابىدە

تاشچى بوۋاي كەسكەنمىدى تىلىڭنى،
تارىخ سەندىن ئالالمىدى ھېچ جاۋاب.
سەندىن زۇۋان سوراپ ھاردى بورانمۇ،
يەنە تەنھا ئولتۇرامسەن ئەي، جاناب.

قۇم تىقلىغان شۇ ناتونۇش كۆزلىرىڭ،
يۈرەكلەرگە تاشلاپ بارار مىڭ سوئال.
چىقارامسەن قويىنۇڭدىكى قۇياشنى،
مۇڭدىشايلى داستىخاندا بىمالال.

1989 ـ يىلى نويابىر

# يۇلغۇن

كېسىپ تۇرار،
ئۆسۈپ تۇرار.
ئۇ تائەبەد
قانغا بويالغان بىر بوۋاق.

چۆل ئانا
بۆلەپ ئۇنى قۇم بۆشۈككە
ئەللەيلىتىدۇ،
بورانلاردىن توقۇپ قوشاق.

ئۇ
چۈش كۆرىدۇ
يېشىل چۈشلەرنى،
ئالتۇن چۈشلەرنى
ئۇزاقتىن - ئۇزاق ...

1988 - يىلى ئىيۇل

# سايەم

1

مەن ئىزدەپ ماڭدىم سايەمنى،
ئىزدەپ ماڭدىم
شېھىت بولغان قۇياشنى
كۆزلەپ ئۇپۇقنى.

2

سايەم
سىڭىپ كەتكەن چېغى يوللارغا.
كۆمۈلگەن چېغى
گۇڭگا نۇرلارغا.

3

سايەم
كەتتى بەلكىم قۇياشنى ئىزدەپ،
ئۇ كېلىدۇ قۇياشنى باشلاپ
تويماس ئۇپۇقنى قەبرىگە تاشلاپ.

4

سايەم
تۇغۇلىدۇ قۇياشتىن،

ئالەم
ئايرىمىسۇن مېنى قاياشتىن.

1989 - يىلى ئىيۇل

## باھار

قۇياش
يەرتۆۋەتتى ئاق داستىخانىنى
چىللاش ئۈچۈن قارلىغاچلارنى،
سالدى ئۇنىڭ پارچىلىرىنى
سۇپا قىلىپ زەڭگەر ئاسماننى.

بىلەكلەردىن
ئېقىپ چۈشۈپ ياپيېشىل تومۇر
قۇچاقلىدى چۆل - باياۋاننى.

موزايلىق كالا —
(باشقا ئالەمدىن كەلگەن ساتىراش)
داتلاشقان چىشىدا بارىدۇ يۇڭداپ
زېمىننىڭ يىڭىندەك يېڭى چېچىنى.
قوزىلار
سېمىز ئوتنىڭ ئېمەر سۈتىنى.
دەرەخلەرنىڭ بۇرۇن ئۇچىدا
پوتىلىلىرى قالدى شور باغلاپ.
تۇمۇچۇقلار
بوينىغا قىزىل گالستۇك باغلاپ
ئاق يامغۇرنى كۆمۈش تار چاغلاپ

تـوقـۇماقتا هال رەڭلىك قوشاق،
تـڭشـغلى ئۇنىڭ كۈيىنى.
ئۇنۇپ چىقتى يەردىن تۆت قۇلاق،
ئۇزارماقتا دەرەختە قۇلاق.

1989- يىلى مارت

## يېشىل گىياھ

يېشىل گىياھ ئۆسەر قىرلاردا،
ئۇ باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىسى.
قۇچاق ئېچىپ قايناق ھاياتقا،
تەبىئەتنىڭ بولار زىلچىسى.

پەرۋىش قىلماس ئۇنى ھېچكىممۇ،
تىلغا ئالماس نامۇئىسمىنى.
يۇيۇپ ئۆتەر پەسىل يامغۇرى
يىڭنە كەبى نازۇك جىسمىنى.

چېچەكلىمەس ھەۋەس قىلغۇدەك،
تاللىمايدۇ باغلاردىن ئورۇن.
ئاشۇ ئاددىي سىياقى بىلەن
قوشۇپ تۇرار زېمىنغا ھۆسۇن.

سەيلىگە يول ئالغان كىشىلەر
تېخى ئۇنى دەسسەپ ئۆتىدۇ.
يامراپ كېلىپ قوي ۋە كاللار،
ئۈزۈپ، چايناپ ئوزۇق ئېتىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي كۆكلەيدۇ يەنە،
باش كۆتۈرۈپ قەيسەرلىك بىلەن.

قۇچاقلايدۇ ئۇنى شوخ سابا،
قۇچاقلايدۇ ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن.

يېشىل گىياھ ئۆسەر قىرلاردا،
بەرگلىردە چاقنايدۇ شەبنەم.
سىمۋولى بوپ پۈتمەس بىر كۈچنىڭ،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ ھەر دەم.

1989 ـ يىلى ماي

# تېخىرقىغان مىسرالار

## ھەيرانلىق

تۇن
غالىب كەلدى نېمە ئۇستىدىن؟
بىلمىدىم
سانسىز يۇلتۇز ساڭگىلاپ تۇرار
مېدال بولۇپ چاقناپ كۆكسىدە.
ئاي
تاتىرىدۇ نېمىشقا؟
ھەسەت قىلغانمۇ ياكى ئۇنىڭغا؟
قېتىپ قاپتۇ داغ بوپ ياشلىرى
ئۇنىڭ ھۆسنىدە.

## تەقدىر

ئۇرۇق
تۇپراق ئاستىدىن
زۇلمەت قوينىدىن،
يېرىپ چىقىپ
قۇچاقلىدى نۇر دۇنياسىنى.
غالىب جەڭچىدەك

بېشىدا مىس قالپىقى،
ئۇ غۇلاچ ئاتتى قۇياشقا،
سۆيدى يېشىل لەۋلىرى بىلەن
ئۆز ئاشناسىنى.
ئۇرۇق
تۇپراق ئۈستىدە،
شامال ئۆتتى يالاپ،
كۆيدۈردى ئاپتاپ،
شاراقلاپ قالدى چاپىنى.
ئۇچۇپ كېلىپ دىۋانە قۇشقاچ
ئېلىپ قاچتى ئۇنى.

## كۆڭلۈك ئاستىدا

كېتىۋاتىمەن
كۆزۈمنى ئېسىپ قويۇپ
پۇتلىرىمنىڭ ئۇچىغا.

كۆڭلۈك لېۋىدە
دارغا ئېسىلغان كۆز يېشى.
تاپىنىمدا
ئىڭراپ يېقىمسىز
نالە قىلدۇ تۇپراق.
كۆڭلۈك
پەردە ئاستى كۆزۈمگە،
كۆرەلمىدى كۆزۈمنى ئاسمان
نىگاھىمدىن.

ئۇركۇپ قاچتى كەڭ دالا،
چىغىر يولدا
چايقىلىدۇ قارايغان سايەم.
ئىزلىرىم
پىرقىرايدۇ چەمبەر ئىچىدە.
يامغۇر تۆشى مېنىڭ شادلىقىم،
كېتىۋاتىمەن
كۆلكىلەرنى چىڭداپ يۈزۈمگە،
يېتەلمەستىن مەنزىلگە
غۇۋالاشتى لاي چاچراپ
پۈتلىرىمنىڭ ئۇچىدا كۆزۈم ...

## قانداق قىلاي

ئىزىقتۇردى ئۇپۇق
يۆگەپ مېنى پەردىلىرىگە،
گۇگۇم
سۆرەپ كىردى تۈن قوينىغا.
ئاندا ـ ساندا چاقنىغان يۇلتۇز
كۆزلىرىمدىن
ئېلىپ قاچتى نىشانىنى.
گۇگگا چۈشلىرىم
سېلىپ مېنى تەخىراۋانغا
ئوينىتىماقتا
مۇئەللەقتە!

قۇياش
ئالقىشلارمۇ مېنى

قاسراق تاشلاپ
يېرىپ چىقسام تەنلىرىمنى؛
ياكى سايەمنى ــ
ئۆزۈمگە زادى ئوخشمايدىغان!

1989 ـ يىلى

# سەۋدالىق ئەسلىمىلىرى

## 1

چىلىمىغىن ئۇچقۇر شامالنى،
دېرىزەڭدىن سىلكىتىپ رومال.
پۇشتەك چېلىپ ياپراقلىرىڭدا،
ساڭا كۆپتىن قىلدى ئۇ ئۇۋال.

ئەگىپ يۇردى ئورمانلىرىڭدا،
چىرايىنى ئېلىپ دالىدىن.
يەلپۈتسە ئۇ شايى پەردەڭنى،
يۈگرۈپ چىقتىڭ تالاي ئالدىدىن.

ناخشىسىنى ئېسىپ لەمپەڭگە،
خىيالىڭنى قىلدى ئۇ قامال.
روجىكىڭنى ئەتكىن گۈگۈمدا،
ئەقدەڭگە باشلار ئۇ زاۋال.

ئىشەنمىگىن نالىلىرىگە،
كۆز يېشى يوق يىغلايدۇ شامال.
دولقۇنلارنىڭ يۇمران كۆكسىنى
كېتىۋېتىپ ئوينايدۇ شامال.

## 2

خىيالىمنىڭ مىسكىن چۆلىگە
يامغۇر تۆكۈپ ئۆتتى بۇلۇتۇڭ.
ھەسرىتىمنىڭ شاماللىرىغا
قانات بەردى سوۋۇغان ئوتۇڭ.

پىنھان كىرىپ ئاراشلىرىدىن،
باغلىرىڭدىن ئىزدىدىم سېنى.
جامالىڭنى يېرىپ كۆرستىپ،
ھىلال ئايغا ئاستىڭغۇ مېنى.

ئاھۇ بولۇپ تۇراي چوققىدا،
ئوقيا بولۇپ تەگسەڭچۇ ماڭا.
كىرىپ قالدى ھويلاڭغا ئەمدى،
شاخلىرىڭنى ئەگسەڭچۇ ماڭا؟!

## 3

كىرپىكىڭدىن سىرغىغان قەترە
چۆكۈپ كەتتى ئىشقىم كۆلىگە.
سۇرتكىنىمدە
كەشتە ياغلىقىنىڭ
يۇلتۇز قوندى چەككەن گۈلىگە.

قار ئۇچقۇنى بىر جۈپ قىزىلگۈل
ئارىسىغا قالدى ئېسىلىپ.

كىرپىكلەردە تۇراتتى بىراق
ئاپپاق ھىجران گۈلى ئېچىلىپ.

ئېلىپ كەتتى سېنى چىغىر يول،
يۇتۇپ كەتتى مېنى باياۋان.
ئىزلىرىمىز يەنە شۇ جايدا
چۆچەك ئېيتىپ يىغلايدۇ ھامان.

4

ئاق بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىغا
تۇن جىمغىنا سالىدۇ قۇلاق.
ئاي نۇرىغا يۆلىنىپ سايەم،
قورام تاشتىن ئاڭلايدۇ قوشاق.

ۋادىلارغا يېيىلغان زۇلپۇڭ
يالتىرايدۇ ئەمدى كۇمۇشتەك.
ماڭا نېسىپ بولمىدى قەترەڭ،
جىسمىم كۆيەر خۇددى قومۇشتەك.

مەن چۆلمىدىم، سەن ياكى دېڭىز،
ئىشقىمىزغا مۇساپە يىراق.
سايىلىرىدا مۇشكۇل ۋىسالىنىڭ
ھارغىن تۆگەم كېزىدۇ ئۇزاق.

5

كۆل سۇيىدىن كۆرۈپ ئەكسىمنى،
كۆرەلمىدىم، ــــ دېدىڭ سەن ئېنىق.

ئاي يۈزۈڭگە خۇددى تۇماندەك
يېقىنلاشتى لېۋىمدىن تىنىق.

چاقماق چاقتى كۆزلىرىڭ شۇ دەم،
(ئاينىڭ يۈزى ئەمەستى يېپىق)
قۇم ئۈستىگە تاشلاندى بىردىن،
كۆل بېتىدە ئوينىغان بېلىق.

سىڭىپ كەتتى يىراققا سايەڭ،
قارا يوللار كەتتى تىلىنىپ.
تىترەپ تۇرغان كۈمۈش ئىزىڭغا
كۆز قارىچۇقۇم قالدى ئىلىنىپ.

6

ئاھلىرىمنىڭ ئۇچسا شاملى،
تولغىنىدۇ يۇمران شاخلىرىڭ.
مۈگدەپ ياتسام غېرىب كەپەمدە،
ئىزدەپ كەلدى يوپۇرماقلىرىڭ.

قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ئاستا،
چۈشۈمنى ئۇ كەتتى يېتىلەپ.
قەپىسىڭگە باشلا روھىمنى،
قالدى جىسمىم ئامانلىق تىلەپ.

7

تاماكامغا ياقتىڭ سەرەڭگە،
كىرپىكىڭنى سۈركەپ لېۋىمگە.

تەتۈر چېكىپ يۈتۈۋالدىم چوغ،
ئوت تۇتاشتى قاقشال تېنىمگە.

چىرمىۋالدىم ئىستەك تولغىنىپ
تىنىقىڭنى ئېپ قاچقىنىڭدا.
تۇتۇنلىرىم بوغدىمۇ سېنى،
ياش كۆرۈندى كۆز ئاسمىنىڭدا.

شۈندىن بېرى يوللىرىمدا مۇز،
يەر يىغلىدى جەبرىلىرىمگە.
ئۈپۈق كۆيسە قىلمەن تاۋاپ،
باش قويالماي قەبرىلىرىڭگە.

8

قانغا بوياپ بۇلۇت باغرىنى،
تاغ كەينىگە يانپاشلىدى كۈن.
سىيا ئىچكەن قارا دېڭىزدەك،
ئورمانلاردىن يامراپ چىقتى تۈن.

ئۇۋىسىغا مۆكۈندى قۇشلار،
كۆلدە بېلىق تېپىرلىمايدۇ.
دىمىق هاۋا سىقىدۇ دەمنى،
گىياهلارمۇ پىچىرلىمايدۇ.

شوخ يۇلتۇزلار دەريا تېگىدە،
ياش تۆكىدۇ جىمىرلىمايدۇ.

هجران بىلەن تاتارغان ئايمۇ،
كۆكتە مىسكىن،
قىمىرلىمايدۇ.

كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنها،
ئايغا قاراپ سۇرگەنچە خىيال.
مېنى گويا قىلغاندەك مازاق،
سۇ لېۋىدىن سۆيەر مەجنۇنتال.

يار ياماناپ قاچتى بۇ كېچە،
مەيلى، يەنە تاڭمۇ ئاتىدۇ.
چىققىنىدەك قۇياش قىزىرىپ
سېغىنغاندا ئۆزى قايتىدۇ.

## شۇندىن بېرى

شۇندىن بېرى
ئۆچۈپ كەتتى رەڭلەر جىلۋىسى.
تاغلىرىمنى كېزىپ سوغ شامال،
تاقىر بولۇپ قالدى جىلغىسى.

شۇندىن بېرى
ماچتىلىرىم سۇندى قايرىلىپ،
قىيقاس سېلىپ تۇمانلار ئىچرە
ئاق چايكىلار يۈرەر ئايلىنىپ.

شۇندىن بېرى
غايىب بولدى سۆيۈملۈك يوللار.
ئاندا - ساندا گۈڭگا ئىزىڭدىن
ئاڭلىنىدۇ يىغلاڭغۇ تىللار.

شۇندىن بېرى
يوقلىمىدى سايەڭ بېغىمنى.
لەيلەپ يۈرگەن زەر ياپراقلىرىم
باشلاپ كەتتۇ كەچ كۈز چېغىمنى.

شۇندىن بېرى
خىيالىمدىن كەتمىدىڭ نېرى.
گۈگۈم پەيتى ئورمان ئىچىدىن
توزۇپ چىقار دىلىڭنىڭ سىرى.

# بەلكىم

بەلكىم
كىرپىكىڭدىن ئۆزۈلسە قەترە
ئالار ئۇنى قوينىغا تۇپراق.
يېشىل سادا كەزسە زېمىننى،
ئۇنۇپ چىقار بولۇپ تۆت قۇلاق.

بەلكىم
مەجنۇنتالدەك يەلپۈنگەن زۇلپۇڭ
چۈشلىرىمدە يول بولار ماڭا.
يول چېتىغى كۆيدۈرگەن سايەم
ئۇپۇقلاردا قوشۇلار ساڭا.

بەلكىم
يېشىڭ سىڭگەن ئۇنسىز ناخشاڭنى
يۈرىكىمگە ئورنىتىۋالارمەن.
ھىدلىرىڭنى گۈل قاتلىرىدىن
ھەربىر تاڭدا شورىۋالارمەن.
بەلكىم ...

1989 - يىلى ئۈرۈمچى

# سۆيگۈ رىۋايىتى

كۆرۈشتۇق
ئۇ يېقىدا كىچىنىك،
سۆيۈشتۇق
خىلۋىتىدە ئالەمنىڭ،
گىرەلەشكەن كۆلەڭگىمىزنى
تاڭ نۇرلىرى ئالدى قوينىغا.
بىر كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە
ئوخشاپ قالدۇق غېرىب قاچقۇنغا.

كۈتۈشلەر
شۇنچە ئۇزاق، شۇنچىلىك ئېغىر،
قۇرۇپ كەتتى ئوت ئارىلىمۇ،
پەرىشتىنىڭ سۇندى قانىتى،
چۈشلەردىلا ۋىسال سائىتى.
قول تۇتۇشۇپ بەرگەن ۋەدىلەر
بوپ قالامدۇ تۈن رىۋايىتى؟

بۇ ئەمەستۇر
مۇقەددىمە ياكى خاتىمە،
يا ھەقىقەت، ياكى سەپسەتە
مەيلى قىرغاق چېكىنسۇن يەنە
تائەبەدكە ئاشۇ ھىلال ئاي،
ئىككىمىزگە بولدۇ كېمە.

2006 ـ يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

# دىڭىز

دىڭىز،
ئىزنىتقۇدەك تۇرىسەن لەيلەپ،
قىتىپ قالغان تامچە يېشىڭمۇ
چۇشلىرىمدە كۆرگەن ئاق سەدەپ؟

ئۇيۇقلىرىڭ كۆيەر لاۋۇلداپ
سەھەر ۋە گۇگۇم،
سۇ ئىچىدە يانغان سۆيگۈمۇ؟
بەرگىنە جاۋاب؛

قۇياش كۆتۈرۈلەر يۇمشاق باغرىڭدىن،
پايانىڭدىن باشلانغان چۇشلەر
شۇنچە سۈزۈك، شۇ قەدەر پارلاق،
سەن مۇھەببەت، سەن سۆيگۈ ھامان،
مەيلى كۆيدۈر ۋە ياكى چۆكتۈر ...

2006 ـ يىلى ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

## ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟

دەريا
ئۆچۈرمەكتە كۆك يالقۇننى،
ئاقماقتىمەن
چاقماق كۆيدۈرگەن قارا دەرەختەك،
ساھىلدا تەنها تۇرىدۇ سايەم،
ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟
كېمىلەرنىڭ سۇندى پالىقى،
چۆكۈپ كەتتى ئاينىڭ راۋىقى.

بۇقۇلدايدۇ تەنها كۆك كەپتەر
كۆيۈۋاتقان ئورمان ئىچىدە،
دەريا قۇرۇپ كەتتى كېچىدە،
ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟

2007 - يىلى يانۋار، بېيجىڭ

# ئاق بۇلۇت

ئاق بۇلۇت،
پەرىلەرنىڭ رومالىمۇ سەن
پاك ھەم شۇنچە ئاق؟
يېنىككىنە كېلىسەن لەيلەپ
قانىتىڭنى شامالدا پەرلەپ،
مەن تۇتقۇچە مامۇق قولۇڭنى
نېچۈن يەنە كېتىسەن يىراق؟

سەن قۇياشنىڭ ئاپپاق كەپتىرى،
شاخلىرىمغا قوندۇڭ سەھەردە.
چوغلۇق بولۇپ ئېچىلغىن، ئەركەم،
ئېلىپ قالاي سېنى بۇ يەردە.

2007 ـ يىلى يانۋار، بېيجىڭ

# كۈتۈش

كۆيۈپ ـ كۆيۈپ قاپقارا تاشتەك
سېنى كۈتتۈم ساھىلدا ئۇزاق.
يوپۇرۇلۇپ كېلەر دولقۇنلار،
غەرق بولىدۇ نەملەشكەن سايەم.
تاڭدا كۈيلەر ...
گۇگۇمدا ماتەم ...

ئاينىڭ كەينى نەقەدەر سوغۇق،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىدە قان.
سۇبھى بالقىپ چىقارمۇ بۇندىن
يورۇتقىلى تەنھا قىرغاقنى،
ئۇپۇق سوزدى رەڭدار قولىنى
لىباس كىيدى شۇ يېرىم ئاسمان.

كۈتۈش
مۇقەددىمىسى يوق بىر خاتىمە؛
قېتىپ قالغان
نۇر ئىچىدىكى سايە؛
ھەي،
كۈتۈشلەردىن ئۈنۈپ چىقتى روھ،
دېڭىزدا كېمە ...

2007 ـ يىلى يانۋار، بېيجىڭ

# قاپقارا قوي كۆز

سەن
ئاينىڭ ئىچىدە،
قاپقارا قوي كۆز.
يۇلتۇزلارنىڭ
ئالتۇن نۇرى بىلەن
باغلىنىۋالدى كۆزۈمنى.
مەن كۆزۈمگە ئەگىشىپ
شۇڭغۇپ كىردىم
تۈن قوينىغا.

ئاھ،
قۇياش چىقمىسا!
يۈرسەم ئەبەد ئىچىڭدە
ئىزدەپ ئۆزۈمنى.

1987 ـ يىلى

## ... بۇ ئاخشام

تاغ كەينىگە پاتتى قۇياش
بۇلۇتلارنى قانغا بوياپ.
قويۇق ئورمان ئىرغاڭلايدۇ
يىنىككىنە بويۇن تولغاپ.
شامال ئۇرۇپ
مەغرىب سايان تەلپۈنگەن ياپراق
ئاجىز نۇردىن
قىزىللىقنى قالدى شوراپ.
گۈگۈم قوينى،
ياپراق دالدىسى
قۇشلار ئۇچۇن ئىبسىل بىر سەھنە.
ئوينىشىدۇ بىر - بىرىنى قوغلاپ،
سايرىشىدۇ ئىشقى بىلەن
بىرى ئاشىقنى
ۋە بىرى مەشۇقنى دوراپ.
قاياقتىندۇر
غەمكىن ئاۋاز —
كاككۇك ئۇنى بوغۇق ياڭراپ
تەبىئەتكە كەتتى سىڭىپ،
ئاستا - ئاستا كەتتى يوقاپ.
ئاھ، نەقەدەر غەمسىز بۇ ئاخشام،

باغ ئىچىدىن چىققان ئېرىق
ئېقىپ بارار مەھەللە بويلاپ،
يېنىك - يېنىك تىنىق ئېلىپ
شارقىرايدۇ،
كۈمۈش تاردەك پارقىرايدۇ،
ۋە ئۆتىدۇ ھەركىمدىن ھاردۇق سوراپ.
باللار
ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا
ئولتۇرىدۇ يۇلتۇز ساناپ،
چۆچەك ئاڭلاپ
خىيال بۆشۈكىدە ئايغا قاراپ.
مەن
بەختلىكمەن شۇ قەدەر.
سىلكىنمەكتە ۋۇجۇدۇم
بىر شادلىق تاراپ،
ئەمدى يۈرمەيمەن ئايغا قاراپ.
ئەنە،
قاراڭغۇ باغ ئىچىدىن
يالغۇز ئاياغ يول بىلەن
چىقىپ كەلدى بىر ئاي
دەريانى بويلاپ ...
ئاھ، شولىسى دەريادا...
شولىسى مېنىڭ قەلبىمدە.

1986 - يىلى

# كاككۇك

ئىسمىدىدۇر غۇۋا بىر چۈشتەك
سەھرادىكى گۆدەك چاغلىرىم.
مېنىڭ كەڭرى دۇنيايىم ئىدى
يېشىل ئېتىز، كۆجۈم باغلىرىم.

چاپقىنىمدا مەخمەل قىرلاردا
سىلىپ تاشلاپ ئېغىر چاپاننى،
بوۋاي ھەيدەپ قوڭۇر ئۆكۈزنى
سالغىنىدا يەرگە ساپاننى،

شوخ باللار بېدىلىكلەردە
تولدۇرغاندا ئېتەك ـ ئېتەكنى،
قىسقىنىدا ئۆرۈكلەر تامام
شاخلىرىغا ھال رەڭ چېچەكنى،

تاغ كەينىدىن ئۇچۇپ كېلەتتىڭ،
باغرى كۆيگەن، ئەي، غېرىب كاككۇك.
ناخشاڭ بىلەن تىمتاس يېزامغا
جانلىنىش ھەم رەڭ بېرىپ كاككۇك.

مۇڭلۇق كۈيۈڭ گاھى يىراقتىن،
گاھ يېقىندىن ئاڭلانغىنىدا،

ئۆتمۈشۈڭنى سۆزلەپ بېرەتتى
مومام ماڭا تونۇر بېشىدا.

ئاۋازىڭغا سوڭدىشىپ شۇ ئان
باغ ئارىلاپ ئۇزاپ كېتەتتىم.
سەن كۈيلىگەن گۈللەرنى يۇراپ،
چىمەنلەرنى باغ ـ باغ ئېتەتتىم.

بىلەلمىدىم، پەرىسىمۇ سەن
خۇشاللىقنىڭ ياكى ھەسرەتنىڭ؟
ئاۋازىڭدىن تارقىسا شادلىق،
دەم پۇرىقى كېلەتتى دەردىنىڭ ...

يىرىك ساقال باستى ئېڭەكنى،
قۇچتى مېنى نەۋ باھار چاغلار.
مەن يىراقتىن سېغىندىم سېنى،
قېنى كاككۇك، قېنى سەن باغلار؟

ئۆز بېشىمغا كەلگەندە بىلدىم،
سىرلىرىڭنى چۈشەندىم، كاككۇك.
باھار چىللاپ، باھاردا جانان،
كۈتكىنىڭگە ئىشەندىم كاككۇك.

قالدى، توۋا، ئۇدۇمۇڭ ماڭا،
شۇنداق ئىكەن جاھان قىسمىتى.
باھار پەسلى، قىران ياشلىقنىڭ
ئاز ئەمەسكەن يىغان ـ ھەسرىتى.

1985 ـ يىلى ئاپرېل

# قىيانى قۇچاقلاپ ئاققاندا سۇلار

يىراقتىن ئېتىلىپ كېلەر دولقۇنلار
قۇچاقلاپ سۆيگىلى قىيانى ھەردەم.
سۆيىدۇ قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە،
يۇمران كۆكسىدە باغاشلاپ مەھكەم.

دەسلەپكى ۋىسالدەك ئوتلۇق تەلپۈنۈش
دولقۇنغا كۈنۈتۈن بەرمەيدۇ ئارام.
بىر كۈينى باشلىغان تۇنجى سۆيگەندە،
شۇ كۈينى ھېلىھەم ئەتمەكتە داۋام.

شۇ قەدەر قەدىمىي ۋە يېڭى كۈي بۇ،
تەكرارلاپ كېلىدۇ يۇكسەك ئاھاڭدا.
مۇقەددەس مۇڭ بىلەن تىڭشايدۇ ساھىل،
تىڭشايدۇ چايكىمۇ مەست بولۇپ تاڭدا.

شۇ قەدەر قەدىمىي ۋە يېڭى كۈي بۇ،
بىلسەڭ بۇ چىن سۆيگۈ — ئۆلمەس مۇھەببەت.
قىممىتى، لەززىتى شۇدۇر سۆيگۈنىڭ،
تۇنجى رەت سۆيگەندەك سۆيسەڭ تائەبەت.

1988 - يىلى فېۋرال

## كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار...

كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار
ئۈنچە تىزدى زىننەتلىرىڭغا.
نېمە مەڭدەپ تۇرسەن، جانان،
تاشلانمامسەن قۇچاقلىرىمغا؟

كۈتكىنىڭگە ئىشەندىم،
شۇ ياش
ئەقدەڭگە شاھتىمكىن تالڭ.
كۆكسۈمگە باش قويسالڭ بۇقۇلداپ،
ئاھ، قەلبىمدە يورۇپ كېتەر تالڭ.

1985 ـ يىلى

## يامغۇر بولۇپ ...

يامغۇر بولۇپ تۆكۈلسەم ساڭا،
يۇيۇپ ئۆتسەم پىراقلىرىڭنى،
ئارمان نېمە، نازىنىن گۈلۈم،
ماكان ئەتسەم زىناخلىرىڭنى؟

1985 - يىلى

# بىر

سەن قوشۇلدۇڭ ماڭا،
مەن قوشۇلدۇم ساڭا،
«ئىككى» دېگەننى
تائەبەدكە كۆرمەيمەن راۋا.

# سۆيگۈ يولىدا

1

شۇنچە تېز تۈتقانىدىك قولۇمنى،
يەنە شۇنچە تېز تاشلاپ كەتتىڭ
باشقا ياققا سىلىپ يولۇڭنى.
مەن چەكمىدىم ئارتۇقچە ھەسرەت،
كۆزلىرىمدىن
دومىلاپ چۈشتى بىر تامچە پەقەت.



2

شارقىراپ ياغقان يامغۇر
توختاپ قالاركەن بىردەمدىلا،
قامچىلاپ بەرگىلىرىنى گۈللەرنىڭ،
نەملەپ يۈزلىرىنى چۆللەرنىڭ.

3

سۆيگۈ ئەھلى ئازمىسا ئەگەر
ئەسىر بولماسكەن
بىر تەبەسسۇمغا،
بىر چاقماققا.

1988 ـ يىلى ماي

# سېنى كۈتۈپ

كۈتتۈم سېنى،
كېچىلەر ئايغا
تەلمۈرگەندەك ئىنتىزار بولۇپ،
سەرەتاندا كارۋان چۆل ئارا
چاڭقىغاندەك سۇغا زار بولۇپ.

سەن كەلمىدىڭ كۈتكەنگە ئاخىر،
كۆيدى بېغىر، دىلئەفكار بولۇپ.
كۆز ياشلىرىم ئاقتى ئىچىمگە
كۆڭلۈم شۇنچە دىشۋار بولۇپ.
كەلسەڭ ئەگەر يارىم بويۇنۇڭغا
ئېسىلاتتىم مىڭ زۇننار بولۇپ.
مەيلى، باغرىم تىلىپ بېرەتتىم
ساڭا قۇربان بىقارار بولۇپ.

ئىست، مېنىڭ سېغىنغانلىرىم،
ئەقدەمگە پىداكار بولۇپ.
شۇنچەمدى ساداقەتلىكىڭ،
مۇھەببەتكە «ۋاپادار» بولۇپ.
بىلدىم سېنى، تېنىپسەن مەندىن،
ئۆزگىلەرگە ئاشنا ـ يار بولۇپ.
نومۇس بولار دېمەپسەن، دۇنيا —

ماللىرىغا جانىنسار بولۇپ.
كۆرەرمىز قېنى، مۇھەببەت سېتىپ
كەتكىنىڭنى بەختىيار بولۇپ.
ئۆگەندىم مەن ۋاپادارلىقنى
ۋاپاسىزغا دىلئەفكار بولۇپ.
يۈرەكتىكى ئاسارەت دېغى
قالدى ماڭا يادىكار بولۇپ.

1980 ـ يىلى مارت

## كۆزلەر

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
چولپان كەبى كۆزلەر.
ئۈمىد نۇرى يانسا،
قۇياش كەبى سۆزلەر.

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
بۇلاق كەبى كۆزلەر.
شوخلۇق قىلىپ قاچار،
قايسى باغنى كۆزلەر؟

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
تۇمان كەبى كۆزلەر.
كىرپىكدە يامغۇر،
بەختسىزلىقنى ئىزلەر.

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
بىقىشمامدۇق بىزلەر.
قۇچايلى بەخت، ئامەت،
كېيىن قالىدۇ كۆزلەر.

كۆزلەر بەخت ئىزلەر،
قىزلار، سەبىي سىزلەر.

# كۆمۈر ھەققىدە

## 1. قىسمەت

ئەلمىساقتا ئورمان ئىدىڭ سەن،
زېمىن كۆركى، زېمىن ئەركىسى.
يەر تەكتىگە كۆچكەندە بولدۇڭ
يورۇقلۇق ۋە قۇدرەت سەركىسى.

يېشىللىقىڭ يىتتى نەلەرگە،
ئەمدى قارا بولدۇڭ نېمىشقا؟
سەن تەييارسەن زېمىن ئۈستىگە
چىقىپ ھامان كۆيۈپ يېنىشقا.

## 2. پىداكارلىق

مېھنەت بىلەن تاغلار قوينىدا
قۇندۇز كەبى چىراي ئاچسەن.
يالقۇن بولۇپ يېنىپ مەشلەردە،
تۈن قوينىغا نۇرلار چاچسەن.

زېمستاندا تىترىگەن جانلار
روھلىنىدۇ ھارارىتىڭدىن.
ئايلىنىدۇ ھەتتا موتورلار
قۇدرىتىڭدىن - كارامىتىڭدىن.

سەن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلسەن،
بەخش ئېتىپ هارارەت ئەلگە.
دىللاردىكى تەپتىڭدىن ئۆزگە
جىسمىڭدىن هېچ قالمايدۇ بەلگە.

يالقۇنۇڭغا بولۇپ پەرۋانە،
خىسلىتىڭدىن ئۆرگىلەي، كۆمۈر.
ئەل ئىشقىغا پىدارلىقتا
سەندىن ئۆلگە ئالسۇن بۇ ئۆمۈر.

### 3. سېنىڭ تەپتىڭ ...

قارا قىزنىڭ مېهرى ئىسسىق دەپ،
يېزىشقانتى قانچە شائىرلار.
قارا قىزنىڭ ئىشقىدا ئاققان
دەريالاردا مىڭلاپ تاهىرلار.

سەنمۇ قارا، بىراق ئوخشىماس
نازۇك قىزغا سىياقىڭ ـ ئەپتىڭ.
قىز مېهرىدىن ئارتۇق تۇمەن مىڭ
هەر زەررىدىن بالقىغان تەپتىڭ.

چىمەن بىلىپ گۈلخانلىرىڭنى،
بولسام دەيمەن ئاشىق بۇلبۇلۇڭ.
بولسام دەيمەن سېنىڭ ئىشقىڭدا
جانىنى تىككەن مېهنەتكەش قۇلۇڭ.

چۈنكى قىزنىڭ مېهرى ناهايەت
بىرلا دىلنى ئىسسىتىدۇ، بەس.

سىنىڭ ئۇتتۇڭ ئەلگە رىياسىز
ئىسسىقلىقنى بىرەر ھەر نەپەس.

4. گۈركىرەپ يان

بولماس ئىدى قىممىتىڭ سىنىڭ،
يەر تەكتىدە ياتساڭ گەر مۇڭدەپ.
تۈن قوينىنى يورۇتۇپ تاڭدەك
يانالمساڭ ھەردەم گۈركىرەپ.

ئەي ھاياتلىق،
نومۇس شارابىن
ئىچكىن، مەگەر چاچمىساڭ يالقۇن.
گۈركىرەپ يان تائەبەدكىچە،
بولۇپ قالما يالقۇنسىز تۈتۈن.

1981 ـ يىلى 23 ـ ماي

# دەريا ئويغىنىدۇ

ئەي دەريا،
سەير ئېتىپ ساھىلىڭنى،
يايرايتتىم دولقۇنلىنىپ ئېقىشىڭدىن.
تىڭشايتتىم تۇلپارلارنىڭ كىشنىشىنى
قىرغاقنى سۆيۈپ بەدەر قېچىشىڭدىن.

كۆرەتتىم، ئۇپقۇنۇڭدىن چاچقۇ چېچىپ
ياپپېشىل مايسىلارنى زىننەتلەيتتىڭ.
ئايدىڭدا كەلگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارغا
بويۇڭدىن ئورۇن بېرىپ ئىززەتلەيتتىڭ.

قۇياشقا قاقلاپ يۇمران، پاك كۆكسۈڭنى،
سەھەرلەر كۈمۈش كەبى يالتىرايتتىڭ.
نىگارى ۋەسلىگە زار يىگىتلەردەك،
چۆللەرگە گۈل تاقىغلى ئالدىرايتتىڭ.

شوخلىنىپ ھەربىر نەپەس ئېلىشىڭدىن،
ئۆرلەيتتى ئاق بۇژغۇندىن كۆكسۈڭ سېنىڭ.
شۇڭغۇيتتىم باغاش ئېتىپ قۇچىقىڭغا،
مەھلىيا قىلغاچ زۇمرەت ھۆسنۈڭ سېنىڭ.

ئاھ، قېنى ئەمدى ئويناق ئېقىشلىرىڭ؟
قېلىن مۇز يوشۇرۇپتۇ دولقۇنۇڭنى.

تىڭشايمەن كاچكۇل ئېچىپ يۈرىكىڭدىن،
پىنھانە ئېقىشىڭنى، شاۋقۇنۇڭنى.

(بۇ سېنىڭ ئارام ئېلىپ ھارغىنلىقتا
قىز كەبى ناز ئۇيقۇغا چۆككىنىڭمۇ؟
يا چاقچاق قىلىپ قىشلىق سىردىشىڭغا،
كۆز يۇمۇپ مۇز ئاستىغا مۆككىنىڭمۇ؟)

ئايلىنىپ ساھىلىڭدا، گىياھ ئەمەس،
دەسسەيمەن ئاق قارلارنى غاچىلدىتىپ.
ئۈمىدتە ياڭرىتىمەن خىتابىمنى:
ــ ئاقساڭچۇ دولقۇنلىنىپ، غۇلاچ ئېتىپ!...

ۋە لېكىن تەبىئەتنىڭ ئۆز مەيلى بۇ،
زىمىستان توڭلىتىدۇ ئېقىنلارنى.
توختىماس ئېقىشلىرى شۇندىمۇ ھەم،
ئۆركەشلەر، كۈتۈۋالسا نەۋ باھارنى.

يېشىنىپ ئەزىم دەريا ئويغىنىدۇ،
چۆكتۈرۈپ قايىنىمغا قار ـ مۇزلارنى.
شادلىقتىن نەرە تارتىپ تولغىنىدۇ،
ئۇيقانى چېچىپ كۆككە يۇلتۇزلارنى.

يېشىنىپ ئەزىم دەريا ئويغىنىدۇ،
ئاقىدۇ قۇدرەت بىلەن ناخشا توۋلاپ.
كېيىنكى دولقۇنلىرى ئالدىنقىنى
بارىدۇ سۈرۈپ، ئېشىپ، ھامان قوغلاپ...

1982 ـ يىلى دېكابىر

# ۋەزنىنى ئۆلچەپ كۆرگىن ھەر ۋاراقنىڭ

يىرتىپ سەن كالېنداردىن كونا بەتنى،
ئورنىغا ئالماشتۇردۇڭ يېڭىسىنى.
دېدىڭ ھەم قاراپ ئاڭا، ئەي نىگارىم:
— كۆر، ئۇچقۇر بۇ يىللارنىڭ ھېيلىسىنى.

تەققاس بوپ ئۆمۈرنىڭ بىر چېچىكىگە،
كالېندار توختىماستىن تۆكۈلەركەن.
ھەر ۋاراق تۆكۈلگەنچە غازاڭ كەبى
چىناردەك ياشلىق سولۇپ پۈكۈلەركەن...

ئورۇنسىز ھەسرەتلەنمە ئۆتكەن كۈنگە،
ۋەزنىنى ئۆلچەپ كۆرگىن ھەر ۋاراقنىڭ.
ھېچ ئىمكان بەرگەن ئەمەس بىزنىڭ ياشلىق
بىھۇدە چۈشۈشكە زەر ياپراقنىڭ.

شاھىتى ئەمەسمۇ شۇ ھەربىر ۋاراق،
بىز شەرەپ، زەپەر قۇچقان ھەربىر كۈننىڭ؛
چاپتۇرۇپ تۇلپارلارنى مەنزىل تامان،
يول بويى ئېيتقان جۇشقۇن، ئويناق كۈينىڭ.

ئالتۇندەك ئاشۇ ۋاراق — ئاشۇ كۈندە
تۈنلەرنى نۇرلۇق تاڭغا ئۇلىغان بىز.

كىتابقا مەپتۇن بولۇپ پەرۋانىدەك،
بىلىمنىڭ شەربىتىنى شورىغان بىز.

ئالتۇندەك ئاشۇ ۋاراق ــــ ئاشۇ كۈندە
تۈنلەرنى نۇرلۇق تاڭغا ئۇلىغان بىز.
كەشپىيات دالاسىنى گۈلزار ئېتىپ،
ۋەتەنگە گۈل دەستىلەر يوللىغان بىز.

ئۆمۈرگە قىياس قىلىپ ھەر مىنۇتنى،
شۇ كۈنلەر ھەر ئىزدا شان قۇچۇپ كەلدۇق.
ھەر ئىزدىن ئېچىلدۇرۇپ قىزىل لالە،
كۆر، ئۇنى يېڭى يىلغا تۇتۇپ كەلدۇق ...

كالېندار ئالماشتى ھەم ئالمىشىدۇ،
يولاتماس قەلبىم بۇندا ئۆكۈنۈشنى.
بۇلاقتەك قايناپ تۇرغاچ ئىجاد، مېھنەت،
خالىماس ياشلىق سولۇپ پۈكۈلۈشنى.

1983 ـ يىلى 1 ـ يانۋار

# چېچەك سرى

سۈزۈك كۆكتىن يېنىككىنە پىلدىرلىشىپ
كۆچمەكتە يەر يۈزىگە ئاق كېپىنەك.
باغىراڭ پۈركەنمەكتە يېڭى تۈسكە
دەرەخلەر ئاچقىنىدەك كۈمۈش چېچەك.

كۆز تىكىپ جۇلالىق بۇ گۈزەل باغقا،
قوزغالدى يۈرىكىمدە جۇشقۇن ھەۋەس.
ئويلىدىم چېچەكلىرى تۆكۈلگەندە،
مېۋىگە تولار بۇ كەڭ باغلار پەۋەس ...

تەلپۈنگەن ئارزۇيۇمغا بېرىپ ئىمكان،
باغلارنى كەزدى شۇ دەم غۇر - غۇر شامال.
بەرگىدەك ئاجراپ چۈشتى كۈمۈش چېچەك،
نە مېۋە، قالدى دەرەخ بولۇپ قاقشال.

شاخلارغا كېلىپ قونسا قار ئۇچقۇنى،
گۈل دېمە، كۆرۈپ ئۇنىڭ زىننىتىنى.
باھاردا بولار ئىكەن چېچەك دېگەن،
قالدۇرۇپ ئەلگە شېرىن نېمىتىنى.

ئويغاتتى چېچەك سرى ھېسلىرىمنى،
دېدىم مەن: چېچەكلىتەي ياشلىقىمنى.

مېۋىسىز قالماي ئاچچىق پۇشايمانغا،
باسقاندا ئاق قار ئۆمۈر شاخلىرىمنى.

1982 ـ يىلى دېكابىر

# جانانمۇ سەن

ئاھۇ كۆزلۈك، ئەي نىگارىم، ھۆرمۇ سەن، غىلمانمۇ سەن؟
كۆيدى ئىشقىڭدا يۈرىكىم، ئوتمۇسەن، گۈلخانمۇ سەن؟

بىلمىدىم، ھەر تاڭنى چىللايسەنكى كەتمەن ئوينىتىپ،
كەڭ ئېتىزنى نۇرغا كۆمگەن ئايمۇ سەن، چولپانمۇ سەن؟

ئۈنچە تەر ـ دۇردانە تۆكسەڭ ھەر ئىزىڭ كۈرمىڭ چېچەك،
چۆلنى گۈلزار ئەيلىگەن لەيلىمۇ، رەيھانمۇ سەن؟

تاغ سۈپەت خامانىنى كۆرسەڭ ئارمىنىڭ ھاسىل ئىكەن،
مول ھوسۇلنىڭ شادلىقىدا بۇلبۇلى ـ خەندانمۇ سەن؟

بىغۇبار ھۆسنۈڭ گۈزەلدۇر، خىسلىتىڭ ئاندىن گۈزەل،
مېنى رام، پەرۋانە قىلغان جانمۇ سەن، جانانمۇ سەن؟

1980 ـ يىلى ئاۋغۇست

## ئاشىقلار سىرى

ئىشق ئوتى دىلدا كۆچەيگەن كۈنلەر
ئۇيقۇسىز ئۆتتى قانچىلاپ تۈنلەر.

بۈگۈنمۇ كىرپىك قاقماي ياتاتتىم،
گۈلۈمنى ئويلاپ ئويغا پاتاتتىم.

شۇئان بىر شەپە كىردى قۇلاققا،
قىياس قىلدىم مەن ئاشۇ ئوماققا.

يارىم كەلدىمۇ دېگەن تامادا،
چىقتىم شۇ زامان يۈگۈرۈپ تالاغا.

كۆردۈم ئايدىڭدا، بىر دىلدار ئىكەن،
ئۇمۇ ئۆزگىگە ئاشىق - يار ئىكەن.

ئەنە ئۇ يارنى ئاپتۇ قۇچاقلاپ،
قويغاندەك يۈرەك رىشتىنى باغلاپ.

شۇ تەرىقە ئۇ سۆھبەتتە ئىكەن،
لەۋلىرى جىددىي ھەرىكەتتە ئىكەن.

بىلدىم،
يېڭىلدىم،
بولدۇم خىجالەت.

قىزاردىم، جىسمىم ئوت ئېلىپ غايەت،
(ئۇ قانداق ئاشىق، مەن قانداق ئاشىق،
توۋا!
ئەمەسمەن زامانغا لايىق.)

ئاڭلاك، سۆزۈمنى بايان قىلاي مەن،
ئاشىق سىرىنى ئايان قىلاي مەن.

ئۆزگىگە دېسەم، يىگىت كىمدۇ دەپ،
ئويلىنىپلا يۇرمەك تولا ۋايىم يەپ.

قۇچاقلاپ ئالغان ياردۇر كىتاب،
سۆھبىتى — ئۇندىن ياڭرىغان خىتاب.

سېزىپ بۇ ھالدىن نومۇس - ئارىمنى،
تاپتىم كىتابتىن مەنمۇ يارىمنى.

1980 - يىلى 26 - مارت

# دەرەخ

يىلتىز تارتىپ مۇنبەت تۇپراقتا،
بۈك ـ باراقسان ياشنايدۇ دەرەخ.
بەھرە ئېلىپ قۇياش نۇرىدىن،
سالقىن سايە تاشلايدۇ دەرەخ.

تومۇز پەسلى كارۋانلار كېلىپ،
شۇ سايىدە ئالىدۇ ئارام.
ھوزۇرلىنىپ كۆچكە تولغاندا،
سەپەرنى شاد قىلىدۇ داۋام.

ھۆر ۋەتەندە ئۆسۈپ يېتىلدىم،
دىلغا ئورناپ بىر گۈزەل غايە.
شۇ دەرەختەك تاشلىسام دەيمەن،
ئىجادىمدىن كارۋانغا سايە.

1975 ـ يىلى 2 ـ ئاۋغۇست

# ھىجران كېچىسى

تولۇن ئايغا سىرداش بولدۇم بىر كېچىسى،
سېغىنىپ سەن نىگارىمنى ئەسلىگەندە.
سەمەندەردەك كۆيۈپ ھىجران ئوتلىرىدا،
يۈرىكىمدە شادلىق ھېسى پەسلىگەندە.

تولۇن ئايمۇ ساڭا ئوخشاش نازلىق ئىكەن،
گاھى سۈتتەك نۇرلار تۆكۈپ شاد كۈلدۇ.
جاۋاب سوراپ كۆزلىرىمنى تىككىنىمدە،
بۇلۇتلارنى پەردە قىلىپ مۆكۈندۇ.

سەنمۇ شۇنداق زۇلۇم سېلىپ، ئەي نىگارىم،
قىيا بېقىپ كۈلۈپ قويۇپ قاچاتتىڭمۇ؟
ۋىسالىڭغا يېتەلمەستىن ساقال باستى،
ئېيتقىن كۆيۈك دەردىن يەنە تارتاتتىممۇ؟!

1980 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست

# كەچ كۈز تۈيغۇسى

ئاجايىپ ھېسلارغا چۆمۈلۈپ
كېلمەن يېزىنىڭ يولىدىن.
ئايىغىم ئاستىدا ئۇچماقتا
تۆكۈلۈپ ياپراقلار غولىدىن.

گۈركىرەپ دالادا سوغ شامال،
ئويمانغا ھەيدەيدۇ ياپراقنى.
دەرەخلەر كۆڭۈلسىز شاراقشىپ،
توۋلايدۇ بىر مۇڭلۇق قوشاقنى.

سامادا غاقىلداپ تۇرنىلار
ئالدىراش ئۇچماقتا جەنۇبقا.
قېنى، ئۇ سۇرەنچى قۇشقاچلار،
مۆكۈشتى، كېتىشتى قاياققا؟

قېنى ئۇ خىيالەن بوستانلىق،
ئاشىقلار سەيلگاھ ماكانى؟
ئاڭلىنار سۆيۈشلەر ئورنىغا
سۇنغان تال چۆپنىڭ پىغانى.

ئاھ، كەچ كۈز، سەن ئېلىپ كېتىسەن،
باغلارنىڭ ياپيېشىل تونىنى.
ھەم باشلاپ كېلىسەن زىمىستان
پەسلىنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنىنى ...

كېلىمەن يېزىنىڭ يولىدىن،
سوغ شامال ئۇرۇلار يۈزۈمگە.
بۇ يولدا
ھاياتىم بېغىنىڭ
كەچ كۈزى كۆرۈنەر كۆزۈمگە.

تەبىئەت قانۇنى غالىبتۇر،
ئۆتىدۇ ياشلىقنىڭ مەزگىلى.
قۇندۇزدەك چاچلارنى قار باسار،
بولمايدۇ «توختاپ تۇر» دېگىلى.

كەلسىمۇ ئۆمرۈمنىڭ كەچ كۈزى،
مەن جۇدا ئەمەس ياش يۈرەكتىن.
يالقۇنلاپ يانىمەن، كۆيىمەن
يەنىلا بىر ئوتلۇق تىلەكتىن.

ھاياتىم جۇشقۇندۇر،
مەن ياشمەن،
قىشتىمۇ توڭلىماس بۇلاقمەن.
تىڭشىغىن شاۋقۇنلۇق كۈيۈمنى،
ئۈمىدتىن سۇ ئىچكەن قوشاقمەن!

كەچ كۈزدە
ھېسلارغا چۆمۈلۈپ
كېلمەن يېزىنىڭ يولىدىن.
يۈرىكىم ياشنايدۇ ئۈمىدتىن،
چۈشسەمۇ ياپراقلار غولىدىن.

1981 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر

## سۆيمەن، ۋەتەن سېنىڭ باھارىڭنى

قىش كەتتى،
قۇياش پارلاپ كۆكتە بەلەن،
نۇر بىلەن يۇدى ئايدەك جامالىڭنى.
يېقىنلاپ كەلدى كۆكلەم پەرىلىرى،
قوينىڭغا چىللاپ يىگىت - ئوغلانىڭنى.
قۇچاقلاپ سېنىڭ ئاشۇ گۈلزارىڭنى،
سۆيمەن، ۋەتەن، سېنىڭ باھارىڭنى.

سۆيمەن، ۋەتەن، سېنىڭ باھارىڭنى،
كۆك سۇزۇك، تاراپ پۈتكەن قارا بۇلۇت.
بەھۇزۇر سەيلان ئېتەر ئاق پەرىلەر،
ئۇيۇقنىڭ لەۋلىرىدە ياندۇ ئوت.
سەزمەكتە كەڭ تەبىئەت ئىللىقلىقنى،
قار - مۇزلار رەت قىلالماس خېجىللىقنى.

قار - مۇزلار رەت قىلالماي خېجىللىقنى،
تاغلاردىن سىرغىپ چۈشتى كۆز يېشىدەك.
دەريالار ئازاد بولدى ئىسكەنجىدىن،
دولقۇنلاپ ئاقتى تاغلار ئۆركىشىدەك.
ئويغاندى كەڭ تەبىئەت ھەم كۆكەردى،
گىياھلار ئۇيقۇسىدىن باش كۆتۈردى.

گىياھلار ئۇيقۇسىدىن باش كۆتۈردى،
دەرەخلەر چىقىرىشتى پوتلىسىنى.
گويىاكى ياسانغاندەك تۇنجى تويغا،
يايلاقلار كىيدى يېشىل يوپكىسىنى.
ئېچىلدى قاپتاللاردا قىزىل لالە،
ئۇ گويا مەيگە تولغان زەر پىيالە.

لالىلەر مەيگە تولغان زەر پىيالە،
تەۋرىنەر بەرگى ئۇنىڭ مەست بولغاندەك.
يالتىرار ياپرىقىدا زۇمرەت يېشى،
ئاھ، جانان بويىندىكى زەر مارجاندەك.
باق، دوستۇم، تەۋرىنەر ئۇ شاد، بىمالال،
شوخ ناۋا چېلىپ كەلگەچ ئۇچقۇر شامال.

شوخ ناۋا چېلىپ كېلەر ئۇچقۇر شامال،
يىگىتنىڭ تويىدا ئېيتقان كۈيلىرىدەك.
شامالنىڭ تىنىقىدىن ئىپار كېلەر،
قولى گۈل جانانىنىڭ خۇش بويلىرىدەك.
ھە مانا، چېكىسىگە قىسىپ غۇنچە،
مېۋىزار باغلار ياشناپ كۈلدى شۇنچە.

مېۋىزار باغلار ياشناپ كۈلدى شۇنچە،
خىسلىتى چاقناپ رەڭدار چېچىكىدە.
ھامىلدار ئۇ تۇمەن مىڭ يۇلتۇزلارغا،
بىر - بىرلەپ يېتىلدۈرەر بۆشۈكىدە.
يېتەر ئۇ پات ئارىدا قىيامىغا،
تولدۇرۇپ شەربىتىنى ئەل جامىغا.

تولدۇرۇپ شاد كۈيىنى ئەل باغىغا،
بۇلبۇللار نەغمە قىلار شادلىقدا.
قايتىشتى قىشتا كەتكەن قۇشقاچلارمۇ،
خۇشاللىق ئۇرغۇپ دىلنىڭ قات ـ قېتىدا.
چوقۇشۇپ ئۇلار ئەمدى تالاشماس دان،
بېغىمىز چۈنكى ئىناق، ئاۋات ماكان.

بېغىمىز ئەمدى ئىناق، ئاۋات ماكان،
باغلاردىن تاپالمايسەن شورىلارنى.
كېچىدە قاراقچىدەك بېسىپ كېلىپ،
جۇدۇنلار تۆكەلمەيدۇ غورىلارنى.
دەريامۇ ئەمدى توڭلاپ تۇتمايدۇ مۇز،
دولقۇنلاپ كۆكلەرگە ئۇ چاچار يۇلتۇز.

دولقۇنلاپ دەريا كۆككە چاچار يۇلتۇز،
تولدۇرۇپ ۋادىلارنى گۈل ـ چېچەككە.
باھارنىڭ قۇدرىتىدىن كۈلگەن زېمىن،
ئوخشايدۇ بىر نۇرانە كېلەچەككە.
كېلەچەك قوزغار ئوتلۇق خۇمارىمنى،
سۆيىمەن، ۋەتەن، سېنىڭ باھارىڭنى.

سۆيىمەن، ۋەتەن، سېنىڭ باھارىڭنى،
تەرلىرىم ئېقىپ ئۇندا ئېرىق بولسۇن.
سۇغارسۇن باغلىرىڭنى، گىياھىڭنى،
سولمىسۇن، گۈلگە تولسۇن، نۇرغا تولسۇن.
سۆيىمەن، شۇڭا ۋەتەن باھارىڭنى،
جەڭلەردە سىنا قەيسەر ئوغلانىڭنى!

1983 ـ يىلى 13 ـ فېۋرال

# هىلال ئاي

زۇمرەت كېچە،
كۈمۈش رەڭلىك ھىلال ئاي
جەرەن كۆزلۈك بۇلاق ئىچرە ياتىدۇ.
(بۇلاق ئەمەس، ئاي ئەمەس،
ئاھ بىر جانان
قاشلىرىنى كامان قىلىپ ئاتىدۇ.)



ھېسلىرىمنى سەگىتتىم مەن،
بۇلاققا —
باللارچە خىيال بىلەن تىكىلدىم.
شۇ ھىلال ئاي بىر ھېكمەتنى ئەسلەتتى،
ئويلىدىم مەن،
«قانداق چوڭ بوپ يېتىلدىم ...»

ئېيتقىنا ئەي، كۈمۈش رەڭلىك ھىلال ئاي،
سەن ئوخشامسەن ئاتام تۇتقان ئورغاققا؟
بۇلاق بېشى — چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ،
ئەزىز ئانام باش تارىغان تارغاققا؟

بوۋاق ئىدىم، قىران بولدۇم، ئەر بولدۇم،
ۋۇجۇدۇمدا يولۋاس كەبى كۈچ - دەرمان.

شۇ دەرمانىنى بەردى ئاتام تەر تۆكۈپ —
ئالغان خامان، ئانام ياققان ئاپپاق نان.

ئەمدى تاغدەك قەرزلەر مېنىڭ يەلكەمدە،
ئاتا ـ ئانام چېچىنى قار بېسىپتۇ.
ئويلاپ باقسام، ئورغاق ئېلىپ قولۇمغا،
خامان راسلاش پەيتى ماڭا يېتىپتۇ.

ئەي هىلال ئاي، ئورغاق بولغىن، ئاتامغا —
ئالتۇن چەشتىن زەر پاياندار سالاي مەن.
يەنە كۈمۈش تارغاق بولغىن، ئانامنىڭ —
چاچلىرىنى تاراپ كۆڭلىن ئالاي مەن ...

زۇمرەت كېچە،
كۈمۈش رەڭلىك هىلال ئاي،
جەرەن كۆزلۈك بۇلاق ئىچرە ياتىدۇ.
بىردە ئورغاق، بىردە تارغاق بولۇپ ئۇ،
ماڭا ئۇمىد كۆزى بىلەن باقىدۇ.

1984 ـ يىلى فېۋرال

# تەكلىماكان

يۈلىنىپ ئېگىز ئۈسكەن توغراققا مەن،
زوقلاندىم ھۆسنۈڭگە، ئەي تەكلىماكان.
خىياللار دەرياسىغا چۆمدۈم تېرەن،
قىسمەتلىك ئۆتمۈشۈڭنى ئەسلەپ شۇ ئان.

رەھىمسىز پەلەك بىر چاغ سېلىپ ئاپەت،
گۈلىستان باغلىرىڭنى قىلدى پايخان.
ئورمانغا قىرغىنچىلىق كەلدى غايەت،
بۆردەك ھۆركىرىشىپ قارا بوران.

ياپيېشىل گىياھلىرىڭ بولدى تۈترۈق،
كېپىكلەر كاۋاپ بولدى يېنىپ گۈلخان.
ئېرىقلار قۇرۇپ تامام باستى قۇملۇق،
شۇڭلاشقا ئاتالدىڭ سەن تەكلىماكان.

سەن يېشىل ھايات ئۈچۈن ئېلىشقاندا،
باغرىڭنى تىلدى بوران تىلىم ـ تىلىم.
توغراقلار بوران بىلەن چېلىشقاندا،
ئوشتۇلۇپ قايناپ چىقتى قىزىل يېلىم ...

ۋە لېكىن سولدى ئاخىر نۇرلۇق يۈزۈڭ،
باستى قار، يامغۇر، بوران، چاڭ دەھشتى.

زارىقىپ تەلمۈرسىمۇ نىمجان كۆزۈڭ،
كەلمىدى تەبىئەتنىڭ ساخاۋىتى.

غېرىبلىق ياستۇقىغا تاشلىدىڭ باش،
ھەمراھ بولدى ساڭا پەقەت قوراي، يانتاق.
سەن ئۈنسىز نالە قىلدىڭ ھەم تۆكتۈڭ ياش،
كۆكسۈڭدە پەيدا قىلىپ نەچچە بۇلاق.

بۇ بۇلاق يۇلتۇزلارنىڭ يېشىمىدۇ،
ياكى قۇم ئاستىدىكى غەۋۋاسلارنىڭ؟!
چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلەر بېشىمىدۇ
جەڭلەردە شېھىت بولغان يولۋاسلارنىڭ؟! …

كۆن ئۆرتەپ ئۆتتى يالاڭ تۆشلىرىڭنى،
چاڭقىتىپ لېۋىڭنى، ئەي تەكلىماكان.
تۈندە ئاي كۆردى ئۇزاق چۆشلىرىڭنى،
ئاشۇرۇپ غېمىڭنى، ئەي تەكلىماكان …

ئاتتى تاڭ، ساڭا قۇياش كۈلۈپ باقتى،
ئالتۇن رەڭ لىباس كىيدى ئۈستىبېشىڭ.
ئەل ئىشقى ساڭا دەريا بولۇپ ئاقتى،
خۇشاللىق بولدى سېنىڭ يار ـ قولدىشىڭ.

ئاشۇ چاغ جاراڭلىتىپ كولدۇرمىنى،
قوينۇڭغا يۈرۈش قىلدى غالىب كارۋان.
كۈمۈش رەڭ كەتمەن ـ كۈرەك قاپلاپ سېنى،
باغرىڭدا قەھرىمانلار قىلدى جەۋلان.

ھە، بۈگۈن قۇملۇقلىرىڭ ئىچىپ زەمزەم،
باغلىرىڭ قىستى رەڭدار چېچەكلەرنى.
پايانسىز ئېتەكلىرىڭ يېشىل گىلەم،
مەھلىيا قىلدى سانسىز يۈرەكلەرنى.

كۆز قىسىپ باراڭ ئارا تاۋلىنىدۇ
جۇلالىق مەرۋايىتتەك سانسىز ھۈكەر.
ياپراقنى دالدا قىلىپ مارىلايدۇ
ئالمىلار شەپەقتىن رەڭ ئېلىپ سەھەر.

يىراقتىن ئېقىپ كەلگەن ئېرىقلىرىڭ
سىڭدۇ چىمەنلىككە تارام - تارام.
كۆللەردە پىلتىڭلايدۇ بېلىقلىرىڭ،
ئالىدۇ توقايلاردا بۇغا ئارام.

ئورمانىڭ گۈركىرىگەن ساداسىدىن
كېلىدۇ ھاياتىڭدىن جۇشقۇن دېرەك.
قۇشلارنىڭ خۇشال نەغمە - ناۋاسىدىن
مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ ھەربىر يۈرەك.

چىللايدۇ بىزنى يەنە ئۆز قوينىغا
تەشنالىق بوشۇكىدە ياتقان قوينۇڭ.
لەۋ ياقىساڭ مەردلىرىڭنىڭ ھۆر قولىغا،
ئىستىقبال قۇبىبىسىدە قاينار تويۇڭ.

بىلىگە ئاق بۇلۇتتىن باغلاپ پوتا،
تاج قىلىپ قىسار ئاينى راۋاقلىرىڭ.

قەدىمي يىپەك يول گۈللەپ قايتا،
جاھاننى تاڭ قالدۇرار قوشاقلىرىڭ.

يۆلىنىپ ئېگىز ئۆسكەن توغراققا مەن،
زوقلاندىم ھۆسنۈڭگە، ئەي تەكلىماكان.
خىياللار گۈلشىنىدە يايراپ شۇ دەم،
كۆردۈم مەن ئىقبالىڭدىن يورۇق چولپان!

1983- يىلى 6 - نويابىر

# دوستلىرىم

دوستلىرىم
سەمرىگەنچە كۆرۈنەر ئاۋاق.
ئۆتۈپ كېتەر ئالدىمدىن،
كىرپىكلىرى يالايدۇ تۇپراق.

ئۇمۇ تىكتى بىر كۆچەت،
مەنمۇ سالدىم ئالمىغا ئۇلاق.
تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەمدى
چاقالمايمىز بىر ياڭاق.

بالكوندا تۇرۇپ روبىرو
قۇچاقلاشماس كۆزىمىز بىراق.
پاپىرۇس ئىسى قارا مۇشۇكتەك
خىياللارنى ئېپ قاچار يىراق.

ئارىمىزدا بىرلا تام ـ توساق،
ئۇ كىرمەيدۇ،
مەن چىقمايمەن
ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.

ئىشكىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ،
يول باشلايدۇ تومپايغان قورساق.

ئارقىسىغا مۆككەن ھوشيار قوللىرى،
چىلىك تۇتقۇلگەن مۇشتۇمى ھەتتا.
ھەي!
ئىچىدە بىر تاللا پۇرچاق...

1989 ـ يىلى ئىيۇل

# كۆز

## 1

ئەما ئۇچۇن
نۇرغا تولغان بۇ دۇنيا
دائىما زۇلمەتتەك كۆرۈنەر گويا.
قۇلىقىغا كىرمىسە زۇۋان،
چۆلدە يۈرگەندەك بىلىنەر تەنها.

## 2

ئەنە، چوڭ يولنى بويلاپ
كېلەر بىر ئەما
هاسا بىلەن يول ئېچىپ،
ئۇنىڭ كۆزى ئەنە شۇ هاسا.

## 3

هاسا تۇتقان قوللىرى دىرىلدايدۇ،
ئاۋايلاپ باسقان پۇتلىرى
شامال سوققاندەك سىرقىرايدۇ.
كۆزلىرى غايەت بىر چوڭقۇرلۇقتا —
شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدا
هىلال ئايدەك ئاقىرىپ
ئاران - ئاران پارقىرايدۇ.

4

ئالدىراش بىر يولۇچى
ياندىن ئۆتۈپ
سوقۇۋەتتى شۇ ئەمانى،
يىقىلىمىدى ئۇ،
ھاسىنى چىڭ قۇچاقلاپ
تۇرۇپ قالدى بىرپەس.
(نەدىن كەلدى بۇ دەرمانى؟)
بىر مويسىپىت
ئەيىبلىدى ئۇ كىشىنى:
«كۆزۈڭ يوقمۇ سېنىڭ،
ئاز قالدىڭ تېرىغىلى بىر بالانى ! »

**5**

ئەما
يۈزلىرىدە شادلىق جەۋلانى،
ئەركىن بىر نەپەس ئېلىپ
قىلدى ئەتراپقا شۇنداق نىدانى:
«مەن ئىنسانلار ئارىسىدا،
ئاھ، ئىنسانلار مەن بىلەن ئىكەن،
شادلانماي نېچۈن،
سۆيمەي قانداقچە
بۇ دۇنيانى،
بۇ گۈزەل، يورۇق دۇنيانى؟!
چۈنكى مېنى يۆلىگەن ھەر قول
قۇياش ماڭا
ئاي ماڭا ...

1986 ـ يىلى

# تىلىكىم

ماڭا بەرمە ئالتۇن يا كۈمۈش،
ئاتا قىلما يالتىراق شۆھرەت.
بېشىڭدىمۇ كۆتۈرمەي قويغىن،
كۆتۈرگەندىن قورقىمەن قەۋەت.

ياش بولسامۇ، نادان بولسامۇ،
ئەيىب ئەتمە، كۆڭلۈمنى چۈشەن.
جاندىن ئەزىز ماڭا دوستلۇقتا،
بىرلا سۆزۈم: ئىشەنگىن ـ ئىشەن!

1987 ـ يىلى ماي

## يىگىت بولساڭ...

مۈشكۈل سىناق بۇ تاغ ئۆتكىلى،
سەپىرىڭدە يولنى تورايدۇ.
قىيا ـ خەنجەر، ھاڭلار ھۆركىرەپ،
يىگىت، سەندىن يۈرەك سورايدۇ.

ئەنە چوققا، ئۇندا بىر گۈزەل
ئاپپاق ياغلىق سىلكىيدۇ ساڭا.
يولۋاس دېسەڭ ئۆزۈڭنى قېنى،
شۇ چوققىدا جاۋاب بەر ئاڭا.

1987 ـ يىلى

# قويۇۋەت مېنى...

سەپەر ئۈستىدە يولدىن ئېزىپ قالدۇق.
ھەمراھىم كەلگەن يولىمىز بىلەن ئارقىغا
يېنىشنى تەۋسىيە قىلدى، مەن نارازى بولدۇم ...

قويۇۋەت دوستۇم مېنى ئەركىمگە،
ساۋاتىم يوقتۇر ئارتقا يېنىشتىن.
بىلمەن يول تېپىلار تېگىرقىماي
ئالدىغا دادىل چامداپ مېڭىشتىن.

نۇرلىنىپ تۇرار ئەنە مەنزىلىمۇ،
يىراقتا كۆز قىسىشىپ يۇلتۇزدەك.
چاتقاللىق، ھاڭ - قىيالار نېمە ئۇ،
ئەجدادمۇ يول ئاچقانغۇ سەن - بىزدەك!
يۇتلىشىپ يىقىلساقمۇ دەس تۇرۇپ،
يېتەيلى بىز مەنزىلگە يەڭ تۇرۇپ ...

1984 - يىلى دېكابىر، قاراماي

# هايات يولىدا

مەن
يالىڭاچ كەلدىم،
يالىڭاچ كېتىمەن.
يىغلاپ تۇغۇلدۇم،
كۈلۈپ ئۆلىمەن.
تۇغۇلغانىتىم
ئازاب بۆشۈكىگە،
يۆگىلىمەن
شادلىق كېپىنىگە.
مەن
گۆدەكلىكىمدە
يېتىلەپ ماڭىمەن دانالىقىمنى.
يىرگىنىپ
ئالپىتە سالاپىتىمدىن،
كۈيلەيمەن ئەسەبىي تەرسالىقىمنى.
مەن
ئاقىلانىلىك جىلغىسىدا
تەلمۈرىمەن
نادانلىق چوققىسىغا،
مەن
تاكامۇللۇق تەختىدىن
غۇلايمەن

تاكامۇلسىزلىق ھاڭلىرىغا.
مەن
توقلۇق ئىچىدە
سېغىنىمەن ئاچارچىلىقنى.
بارلىقتىن قېچىپ
ئىزدەيمەن يوقلۇقنى.
مەن ھاپاش قىلىپ تەشۋىشنى
شادلىق بىلەن تانسا ئوينايمەن.
شادلىق
قونۇپ قالسا قوينۇمدا،
ئۇيالغىن دەپ قوغلايمەن.
مانا ــ
ئاستىمدا چۇش تۇلپىرى،
قولۇمدا نۇر قامچىسى،
ئالدىنقى ئىزلىرىمنى
دان قىلىپ چاچىمەن
كېيىنكى يوللىرىمغا.
ھايات يولىدا
شۇنداق چاپىمەن!

1988 ـ يىلى ئاۋغۇست

# شارقىرايدۇ يامغۇر تىنىمسىز

شارقىرايدۇ قاپقارا يامغۇر
تۈن قويىندىن، غايىب بىر كۆكتىن.
كۈتەر ئانا يالغۇز قىزىنى
بوسۇغىدا تەلمۈرۈپ كۆپتىن.
چېچى ئۆچتەك، پۈكۈلگەن قەددى،
قورۇق بېسىپ پۈرلەشكەن يۈزى.
قىزى كەتكەن گىرىمسەن يولنى
خىرە ـ شىرە كۆرىدۇ كۆزى...
مۈسكۈللىرى كېتەر كىرىشىپ،
لېۋى تىترەر يېنىك دۈرۈت ئوقۇپ.
ئانا كۈتەر، كۈتەر تاقەتتە،
ئاھ، ئۈمىدىنىڭ كەشتىسىن توقۇپ.

*　　*

پارقىرايدۇ رەڭگارەڭ چىراغ،
زال تەۋرەيدۇ ناخشا ـ كۈلكىدىن.
خاتىرجەملىك، نازاكەت چاقنار
قىزنىڭ گۈزەل ياشلىق خۇلقىدىن.
ياڭرىماقتا ۋالىس نەغمىسى،
قىز پىرقىراپ، پىرقىرار جاھان.
قۇچار كۆڭلى جەننەت پەيزىنى،
يات كۆزلەرنى قىلىپ ئۇ مېھمان.

*　　*

تۈن نىسپىگە چىللىدى خوراز،
قىزى قايتتى خۇشال ۋە ھارغىن.
قورۇق يۈزنى سۆيدى شاد كۈلكە،
گۈلگۈن چىراي نېچۈنكىن سالقىن.
پايپېتەك بوپ ئانا بىچارە
كەلتۈردى تېز قىزىق شورپىنى.
«تويۇنۇپ ئىچ» «راھەت ئۇخلا» دەپ،
سالدى قوشلاپ ئەتلەس كۆرپىنى ...

*　　*

سەھەر يەنە ياغماقتا يامغۇر،
كۆك يۈزىنى قاپلىغان تۇمان.
ئانا قەلبى سۇزۇك قاشتېشى،
كىم بۇنىڭغا قىلىدۇ گۇمان؟
بەختلىك قىز تەرەددۇت ئارا،
ئۆلگۈرمىدى بىر سۆز قىلىشقا.
كۈنلۈك تۇتۇپ بېكەتكىچە تا،
ئۇزاتتى ئانا قىزىنى ئىشقا.
شارقىرايدۇ تىنىمسىز يامغۇر،
يۇيۇپ ئۆتتۈپ ئانا قەددىنى.
يامغۇر ۋە ياش كەتتى سىڭىشىپ،
كىم بىلىپتۇ ئۇنىڭ قەدرىنى؟!

1986 ـ يىلى ماي

## سېخىي ئەينەك

يورۇپ كەتتى ئۆيۈم ۋاللىدە،
دېرىزەمدىن كىرىپ كۈن نۇرى.
قاناتلاندى ھېسلىرىم شۇ دەم،
ئېلىپ بۇندىن ئىلھام ئۇچۇرى.

سۈزۈكلۈكتە خۇددى زۇمرەتتەك
دېرىزەمنىڭ ئاشۇ ئەينىكى.
نۇر ئېقىمى ئۆتىدۇ ئۇندىن
ھەم كۆرۈنەر جاھان كەڭلىكى.

ئەينەك سېخىي، ئەينەك ۋاپادار،
رەڭ قوشىدۇ خىسلىتىمىزگە.
ئىچى تارلىق قىلماس ئۇ زىنھار،
جەمئىي نۇرنى ئۆتكۈنۈپ بىزگە.

كىزى كەلسە بەزىلەر كەبى
«ئازراق يۇلۇپ قالاي» دېمەيدۇ.
نەپ قوغلىشىپ، يۈزىنى بوياپ،
مىننەت بىلەن پارا يېمەيدۇ.

هۆرمەت بىلەن تىكىلىپ ئاڭا،
بىلدىم ئىپىسل تۈزۈكلۈكنى.
چۈشەندىم، پاك خىسلەتلىرىنىڭ
بۇلاق كەبى سۈزۈكلۈكنى!

1984 ـ يىلى

# يىراق بولسۇن مىننەتتىن ئالەم

يەر تېگىدە ياتىدۇ يىلتىز
دەرەخلەرگە قۇۋۇەت بېغىشلاپ.
چېچىكىنى كۆرسەتمەس ئەنجۈر،
بەرگەندىمۇ مېۋە يېنىشلاپ.

پولات چۆىق بېتون ئىچىدە
بىنالارنى تۇرىدۇ تۇتۇپ.
سۈت بېرىدۇ سامان يەپ كالا،
چالۋاقىماس ئالەمنى قوچۇپ.

بىلسەڭ ئاشۇ تۆھپىكارلارنىڭ
ئەل قەلبىدە ھۆرمىتى يۈكسەك.
لېكىن بەزى كىشىلەر باركى،
مېكىياندىن ئۆتە پايپېتەك.

تۇخۇمچىلىك ئەمگىكى بولسا،
ھەربىر ئۆيگە بارار قاقاقلاپ.
«ماختىماسەن» دەيدۇ ئەيمەنمەي،
ئۇچرىغاننى تۇتۇپ سوراقلاپ.

جار سېلىشتىن يانماس ئۆزىمۇ،
شۆھرەت شۇنداق ئۇلۇغ ئۇلارغا.

ئالتۇن تۇغۇپ قويسا مۇبادا،
چىقار ئىكەن ئەرشىئەلاغا.

بولدى، ئالتۇن تۇغمايلا قويسۇن،
يىراق بولسۇن مىننەتتىن ئالەم.
مېۋە بېرىپ، تۆھپە يارىتىپ،
ئەنجۇر خىسلەت بولسۇن ھەر ئادەم.

1984 - يىلى

## هايات

1

ئولتۇرىدۇ بىر بوۋاي
پېشۋاتقان قۇياشقا قاراپ،
قۇياش
بولاپ قاچتى ئۇنىڭ
ساقىلىدىن قوندۇز رەڭگىنى.
ئۇپۇق يۇتۇپ كەتتى قۇياشنى،
ئورمانلارغا يامراپ چىقتى تۈن.
بوۋاي
ئاق بۆك قىلىپ كىيدى
تولۇن ئاينى.

ئۇ ئولتۇرىدۇ قۇياشنى كۈتۈپ،
قۇياش چىقسا
تۈن بىلەن
ئالمىشارمۇ ساقىلى ئۇنىڭ؟
بېشىغا قىرلاپ قارا تەلپەكنى
باغچىلاردا يۈرەرمۇ
يارى بىلەن
ھىدىنى پۇراپ
ئۆزى تەرگەن گۈللەرنىڭ؟

2

شلدىرلاتسا ئۇچقۇر شاماللار،
دەرەخ
قويۇپ بەرمەس ھەر ياپرىقنى،
خۇددى ئەڭ ئاخىرقى بىر ياپرىقدەك.
مەن
قۇچاقلايمەن ھەربىر مىنۇتنى
گويا ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىمدەك.

1986 - يىلى فېۋرال

# چۈشلىرىم

ئاسان قىلدىڭ قىيىننى،
قىيىن قىلدىڭ ئاساننى.
چاقىرغاندا نىگارنى،
چىقارمىدىڭ زۇۋاننى.
بوغۇلدۇم، ئاھ، بوغۇلدۇم،
بۇلبۇل بولۇپ تۇغۇلدۇم.

ئىچەلمىدىم قول يەتمەي
يارىم سۇنغان چايىنى مەن.
ئوڭدا يېتىپ ئۆزۈپلا،
ياستۇق قىلدىم ئايىنى مەن.
ئاي ئىچىدە ئويغاندىم،
يار قوينىدا تولغاندىم.

جۇل - جۇل قالدىم تويدا مەن،
كۆزلەر مېنى يەپ كەتتى.
شاھى تونغا پۈركەندىم،
تاپىنىمدىن ئوت كەتتى.
ئوت ئىچىدە ئۆلمىدىم،
بار - يوقۇمنى بىلمىدىم.

ئەي چۈشلىرىم، چۈشلىرىم،
يالغانمۇ سەن، راستمۇ سەن.
گاھ يىغلىتىپ، كۈلدۈرۈپ،
تىرىك دارغا ئاسما سەن.
مەڭدىن يىراق كەتمە سەن،
قىيناپ ئەخمەق ئەتمە سەن.

1988 ـ يىلى

# يىقلماس ئابدىلەر

## ئەھمەد زىيائى خاتىرىسىگە

يىراق كېچىلەردىن كەلدىڭ چاقماقتەك،
قەلبىڭدىن زېمىنغا تۆكۈلدى زىيا.
گېن بەردى جىسمىڭغا ئەل - ۋەتەن ئىشقى،
كۈيلىدىڭ تاغلاردا بۇلبۇلدەك گويا.

قىممىتىڭ ئەقدە، ۋىجداندا چاقنار،
ھاياتتىن پاراغەت كۈتمىدىڭ بىراق.
جۇدۇنلار سوقسىمۇ تەكرار ۋە تەكرار،
مەشئەلدەك يېلىنجاپ ئۆچمىدىڭ بىراق.

نادانلىق — ھالاكەت ۋە زۇلمەت، دېدىڭ،
بىر ئۆمۈر ئىلمگە چىللىدىڭ ئەلنى.
ياراتتىڭ بىباھا دۇردانە قۇرلار،
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن يەشمىدىڭ بەلنى.

تەلۋىچۈك بويىدا «رابىيە - سەئىدىن»*،
ھېلىمۇ تارىخنى تۇرىدۇ سۆزلەپ.
تەۋەررۇك بىزلەرگە «قۇتادغۇبىلىك»①،
قۇرلاردىن تەرىڭنى كۆردۇق بىر - بىرلەپ.

ئۈنتۈماس ئۇن ـ تىنسىز تۆھپىكارنى ئەل،
شۆھرەتلىك جۇلاردىن سەن ئىدىڭ يىراق.
كىم تاقىر تاغلارغا ئاغدۇرار نەزەر،
ئېچىشەر بولدۇقلاپ تۇرسىلا بۇلاق.

زۇنۇن قادىر خاتىرىسىگە

كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن تۇپراق،
ئابىدەڭنى ئىزدەيدۇ سەرسان.
يوللارنى گەر باسسىمۇ شۇاق،
مەنزىلدە تۇغ قىلدۇ جەۋلان.

تەۋشىڭدىن ئۇلغايغان سەپەر،
سەپ ئالدىدا نەۋقىران ئىدىڭ.
چەيلىسىمۇ قىسمەت سەندىلى،
باش ئەگمىگەن، سولمىغان ئىدىڭ.

توغراقلارنىڭ كۆز ياشلىرىدا،
ئەسلەر سېنى تارىم ۋادىسى.
بەرگەنىدى شاھانە ئورۇن،
ساڭا ئەلنىڭ كۆڭۈل خانىسى.

سەن ئۇمدۇۋار بۈيۈك چال ئىدىڭ،
«تويى»* ئويناپتىڭ ماغدۇر كەتسىمۇ.
چىنىقمىغان مەتىنياز بوگۈن،
چاچ ئالدۇرساڭ تەكرار كەستىغۇ②.

«غۇنچەم»* تېخىچە تۇرۇپتۇ ياپياش،
كۈتەر سېنى ئالمىلىق باغدا.

ناخشا ئېيتىپ كەتتى «گۈلنسا»*.
كىلەرسەنمۇ سىغىنغان چاغدا.

تېيىپجان ئېلىيوف خاتىرىسىگە

راست !
تۈگىمەيدىغان ناخشا ئىكەن بۇ،
«سەن ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن».
تالاي ـ تالاي مەنزىل تۇرۇپتۇ،
سەن كۆزلىگەن، بىز يېتەلمىگەن.

ۋەتەن ھەققىدە ئوقۇساڭ غەزەل،
نەۋايى مەمنۇن باقاتتى ساڭا.
دىرىم كۆۋرۈكىدە ياڭراپ ئاۋازىڭ③،
ئالقىش سەل بولۇپ ئاققانتى ساڭا.

شېئىر مىللىتى دېسە خەلقىمنى،
سىنىڭ نامىڭ يادلىنار ھەر ۋاق.
ئىز باسماقتا ئۈمىدلىك قوشۇن،
سەن سەركەردە، سەن ئاڭا بايراق.

پاختەكلىدە يازغان خېتىڭ بار،*
«چال ئوغلۇم»* دەپ قىلغان خىتابىڭ.
«ئۆلۈپ كەتتى ۋاقتەگكۈرۈپ»،
ئېغىر كەلگەن چېغى جاۋابىڭ.

يۇرەكلەردىن كۆچتى يۇرەككە،
«يۇرتنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىڭ»*.

«ئارچا»* مدۇر، «كەۋسەر»* مدۇر يا،
ئەجەب ئىللىق پۇرار بەتلىرىڭ.

«زەپ چىرايلىق كەلگەنتى باھار»*.
«شۇندىن بېرى»* سەن يوق قاتاردا.
جىمىپ قالدى «شېئىر مەشرىپى»*،
«يىغا تۇتتى بىزنى باھاردا»*.

ئابدۇكېرىم خوجا خاتىرىسىگە

يۇرەكلەرنى ئۆرتەپ شۇم ئەجەل،
ئېلىپ كەتتى سېنى باھاردا.
قالدى بىزگە سەندىن تۆت باھار④،
بەلكىم سىڭىپ كەتتىڭ باھارغا.

باھارنىڭمۇ ھەيكىلى بارمۇ،
بولسا «ئىككى ھەيكەل»* تىكلەيمۇ؟
شۇندا شېرىن سۆھبەت قۇراتتىڭ،
سەن ئېگىزدە، مەن پەس، دېمەيمۇ.

«جەننەت نەدە دېسەڭلار»*، دوستلار،
باھار سۆيگەن شائىر قەلبىدە.
قاسراق تاشلاپ جۇدۇندىن كېيىن،
ئۇتۇپ چىقتىڭ يېڭى بەيگىدە.

شارلار تېغى، باغداش باغلىرى،
«ئۆزلە قېنى» سورايدۇ يىغلاپ.

«پارچە»* يېزىپ يۈرگەندۈر شائىر،
كۆكلەم بولۇپ كېلەيلى چىللاپ.

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خاتىرىسىگە

كارۋان يولىدا كۆمۈلمەس «ئىز»*لىك،
جانلانماقتا «ئويغانغان زېمىن»*.
يېتىلمەكتە ئوغۇل ۋە قىزلىك،
ئۇلار دەريا، ئۇلار زور ئېقىن.

چاقناپ تۇرار «قەشقەر كېچىسى»*،
يۇلتۇز كەبى مۇڭلارنى تۆكۈپ.
بۇغدا ئاتا ئاق لېچەك ئارتىپ،
سېنى ئەسلەر خىيالغا چۆكۈپ.

تاۋۇتۇڭنى باشلارغا ئېلىپ،
ئۇزاتقانتى جانىجان ئېلىڭ.
ئەلنىڭ قەلبى سېنىڭ جەننىتىڭ،
نۇرلانماقتا ئۆمۈر مەنزىلىڭ.

## زوردۇن سابىر خاتىرىسىگە

سوقۇپ تۇرار ھېلىمۇ «ئاۋرال شاملى»*،
تىنىقىدا ئارچىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى.
«قوشنىلار»*غا ئەگىشىپلا سەن كەتتىڭ بىردىن⑤
جىمىپ قالدى ھېسامكامنىڭ شوخ چاقچاقلىرى.

سېنى قانداق ئۇنتۇيدۇ «ئېھ، توپىلىق يوللار»*،
«جىگدىلەرمۇ پىچىرلايدۇ»* نامىڭنى يادلاپ.

«بوش كەلمەيدۇ تۇرپانلىق»* لار، «دولان ياشلىرى»*،
يېڭى ئەسىر قۇچىقىغا كىرگەندە ئاتلاپ.

1999 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر

---

ئىزاھاتلار

* بەلگىسى قويۇلغانلىرى ئەدىبلىرىمىزنىڭ شۇ نامدىكى ئەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

① ئەھمەد زىيائى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگەن ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى.

② مەرھۇم زۇنۇن قادىرى 1989 ـ يىلى بىر نائۇستا ساتىراشقا چاچ ـ ساقال ئالدۇرغاندا بىرنەچچە يېرى كېسىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە ياللۇغلانغان ھەم جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغانىدى.

③ تېيىپجان ئېلىيوف 1982 ـ يىلى يوگوسلاۋىيەنىڭ سترۇگا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرىيەت بايرىمىدا شېئىر ئوقۇپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

④ شائىرنىڭ «ئونىنچى باھار»، «باھار ناخشىسى»، «تۇپراق، باھار ۋە مەن»، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار»ناملىق تۆت توپلىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ يېقىن قوشنىسى پېشقەدەم ژۇرنالىست، شائىر ئابلىمىت سادىقنىڭ ئايالى ۋاپات بولۇپ ئەتىسىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

# ۋەتەن ئىشقى

دىيارىم سەن، ئۇلۇغ جۇڭخۇا، سېنى كۆيگە قاتاي دەيمەن،
ئىجادىم غۇنچىسىنى ئاي جامالىڭغا تاقاي دەيمەن.

قەدىرلىك تۇپرىقىڭ گۆھەر، گىياھ ـ تاشىڭ مىسالى زەر،
شۇ تۇپراقتا بولۇپ ئېقىن يېقىپ باغرىم ئاقاي دەيمەن.

ھاۋايىڭدىن ھۇزۇر تاپسام كۆڭۈلمكى مىڭ ئەسىرگە تەڭ،
شۇڭا ئۆلسەممۇ قەبرەمدە ھاياتتەكلا ياتاي دەيمەن.

بەخت سەندە، قەدىر سەندە، ھاياتنىڭ لەززىتى سەندە،
ئەجىر قەنتى ئىلىم ـ پەندە، شۇنى جەڭدە چاقاي دەيمەن.

سېنىڭدە ياشىغاچ تاتلىق، سېنىڭچۆن ئۆلمىگىم شادلىق،
كىزى كەلسە شۇڭا جانىنى ساڭا تەقدىم قىلاي دەيمەن.

1979 ـ يىلى 30 ـ سېنتەبىر

# مېنىڭ يارىم

ئايا، دوستلار، قەيسەمەن، بىر گۈزەلگە ئاشنا يار بولدۇم،
گويا ئاھۇ كەبى ئول يار نىگاھىغا شىكار بولدۇم.

ئاڭا باغلاندى دىل رىشتىم، بولۇپ جىسمىگە پەيۋەندە،
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام شۇ ئانە مەن بىمار بولدۇم.

ئۇنى مەن ئوخشىتارمەن كۆكتىكى جانان تولۇن ئايغا،
ئۇنىڭ نۇرى بىلەن سىرداش بولۇپ تۈنلەر بىدار بولدۇم.

زىيادە كەتمىگەي ئېيتسام ئۇنى نۇرلۇق قۇياشىم دەپ،
چىرايىم زەپىرانتى نۇر ئېمىپ ئۇندىن ئانار بولدۇم.

ئۇنىڭ ئابىشېكەردەك لەۋلىرىدىن ئىلتىپات ئالغاچ،
كى چۆلدە چاڭقىغان كارۋان كەبى ھەردەم خۇمار بولدۇم.

ئۇنىڭ ئىشقى دىلىمغا نۇر، تېنىمگە بەردى كۈچ، دەرمان،
ياشاردىم، يايرىدىم كۆكلەپ ئېگىز تاغدا چىنار بولدۇم.

باھار كەلگەچ نېسىپ بولدى ماڭا بۇ ھۆر ۋىسال پەيتى،
بىلەمسىز قانچە يىللاپ مەن ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولدۇم.

شۇ ئۆسمۈر چاغدىلا چۈشكەچ بېشىمغا ئىشقى سەۋدايى،
يېتەلمەستىن ئاڭا ھىجران چۆلدە بەكمۇ زار بولدۇم.

پۈتۈپ شۇ ئىنتىزار چاغلار مانا يار ۋەسلىگە يەتتىم،
بۇ شادلىقتىن مۇھەببەت نەغمىسىدە شوخ دۇتار بولدۇم.

ئۇنى جەننەتتىكى پەيكەر ـ پەرىگە ئوخشىتالمايمەن،
ۋاپادار ئۇ جىمى ياردىن، ئاڭا چىن دىلئەفكار بولدۇم.

شىرىندۇر ئۇ شاراب تۇتقان ئابىزەمزەم بۇلاقىدىن،
شۇڭا پەرھات بولۇپ تاغلار ئارا گۆھەر قازار بولدۇم.

سەپەرلەر بەيگىسىدە بىللە بولغاچ ھەر قاچان ئول يار،
گويا تۇلپار بولۇپ بەيگە بېشىدا تېز چاپار بولدۇم.

ئۇنىڭ شەمئى ـ نۇرىدىن بۇ كۆڭۈل باغىم گۈلستاندۇر،
شۇڭا دىل مۈلكىدىن ئەلگە قىزىل لالە تۇتار بولدۇم.

مېنىڭ پەخرىم، غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، شانىم، قاناتىم ئۇ،
دېيىشكە مەن شۇڭا ھەقلىق، ئۇنىڭسىز شەرمسار بولدۇم.

چۈشەنگەنسىز بۇ ئوتلۇق ئىشقى نامەمنىڭ ئورامىنى،
ئىلىم ـ ئىرپان ئىرۇر يارىم، ئۇ بىرلە شان تاپار بولدۇم.

بۈگۈن بەختلىك يىگىتمەن ئاشۇ يارنىڭ ۋەسلىنى قۇچقان،
شۇڭا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل كەبى نەزمە قاتار بولدۇم.

1980 ـ يىلى مارت

# تۇيۇقلار

ئەي، خەلقىم، جاپالىق ئىشقا سال مېنى،
ئوت چوغقۇر دەريادىن قىلىپ سال مېنى.
ۋاپادار ئوغلۇڭ مەن، ئەجرىڭدە ئۆسكەن،
يالتايسام يولۇڭدىن، راسا سال مېنى.

*　　*

مەيلى مەن قوغلىناي دوزاخ بار ياققا،
ۋە ياكى تاشلىناي قايىنىغان ياغقا.
ۋەتەندىن كەچ دېسە، كەچمەيمەن ھەرگىز،
ئۆگەنگەن تىلىم بۇ سوراقتا «ياق»قا.

*　　*

ۋەتەن ئۈچۈن يالاڭ ئاياغ قارلارنى كەچ،
كىزى كەلسە قانلار تۆكۈپ جاندىنمۇ كەچ.
ئىزىڭ قالسۇن، قانلىرىڭدىن ئۈنسۇن لەيلى،
شۇندا خەلق يادلار سېنى سەھەر ۋە كەچ.

1982 - يىلى

# سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراغ

(ئانا مەكتىپىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

شادلىنىپ نە ئۇچۇن ئېيتماي مەن قوشاق،
بېشىڭغا ئەللىك تال سانجىغاندا ئاق.
ئاق نۇرۇڭ يورۇتقان قەلبىم تېگىدا،
تەشەككۇر شەپقى كۆتۈردى بايراق،
سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراق.

يادىمدا، تېخىچە كۆپ نادان ۋاقتىم،
جاھاننى جامچە بار دەيدىغان ۋاقتىم.
ئۇزاتتىڭ، ئانجان، شەربەت جامىنى،
چۆل كەبى تەلمۈرۈپ چاڭقىغان ۋاقتىم.

تۇمانلىق قەلبىمنى يورۇتقان ئۆزۈڭ،
مىللەتنى، غۇرۇرنى تونۇتقان ئۆزۈڭ.
ئەل ئۈچۈن ئۆگەنگەن ھەمدە ياشا، دەپ،
يېڭىلمەس ئىستەكلەر ئۇرغۇتقان ئۆزۈڭ.

سۆزلەشكە بۇلبۇلدەك سۆز بەردىڭ يەنە،
بۇركۇتچە نۇرانە كۆز بەردىڭ يەنە.

هايات سەھنىسىدە ھەر كىم قاتارى
مەردانە تۇرۇشقا يۈز بەردىڭ يەنە.

ئاشۇ چاغ يادىمدىن زادىلا كەتمەس،
تاقىر باش ئۇستازىم ئۆتكەن تۇنجى دەرس.
چاقماق ئۇ، بوران ئۇ، قۇياش نۇرى ئۇ،
ئېڭىمنى ئويغاتقان بۈيۈك، مۇقەددەس.

ئۆگەتتى ئۇ ماڭا مەھمۇد، يۈسۈپنى،
ئۇيغۇرنى، لوتۇننى ۋە لېرمونتوفنى …
كەشپىيات يولىغا باشلىدى ئۆزى،
تەپەككۇر ئۆيۈمدىن چېقىپ قۇلۇپنى.

ئاھ، تۆت يىل ۋەزنى تەڭ قىرىق يىلغا ساق،
ئۆگەنسەك، ئۆگەنسەك زادى قانمساق.
ئېتىلىپ تۇراتتۇق، يېنىپ تۇراتتۇق،
زېھنىمىز تىنىمسىز ئۆزەتتى ساداق.

كۆل بويىنى ئايلىنىپ دوستلار يانمۇيان،
تۈنلىرى شېئىرلار يادلايتتۇق ھامان.
بۇغدادىن قايتاتتى ئەكس سادامىز،
تىنىق كۆل تەۋرىنىپ قالاتتى بىر ئان.

ۋاھ، ئەنە تۆت يىللىق قەدىناس ئۇۋام،
گۇگۇمدا قارىيىپ كۆرۈنەر ئاران.
كېچىسى باشلانغان بەس ـ مۇنازىرە،
بۇندا تاڭ ئاتقۇچە قىلاتتى داۋام.

ئېسىمدە بۇندىكى خاتىرە تامام،
زېھنىمىز شۇ جايدا بولغانتى قىيام.

ئۆتكۈزۈپ باشلاردىن تالاي ئىسسىق ـ سوغ،
يېتىلدۈرگەن ئىدۇق ئاجايىپ چىدام.

مەن ئەمەس، بىز ئەمەس، بۇندا مىڭ ـ مىڭلاپ،
قەيسەرلەر يېتىلدى يالقۇنلاپ ـ چاقناپ.
ھەقىقەت ئوتنى ياقتى ئۇستازلار،
شەپەرەڭ، قۇزغۇنلار يۇرسىمۇ ماراپ.

مەكتىپىم، سەن — ئەقىل نۇرى، زىياسى،
مەكتىپىم، سەن — بۈركۈت، لاچىن ئۇۋىسى.
مەغرۇر باش كۆتۈرۈپ تۇرغان شۇ بۇغدا،
تۆھپەڭنىڭ گۇۋاھى، پىرامىداسى.

بولمىساڭ سەن بىزگە بۇ ئەقىل نەدە؟
ئورنىمىز بولماتتى ئەڭ تۆۋەن يەردە؟
سېيتىنىڭ تارىخى قايتىلانماتتى
نامەردنىڭ قىلچى يالتىراپ يەنە؟!

ئەللىك يىل قۇدرەتكە چىڭ تولغان چىغىڭ،
ياشىرىپ دەريادەك ئۇلغايغان چىغىڭ.
ئەۋلادلار يېتىلدى، يېتىلەر يەنە،
تائەبەد قۇرۇماس مەرىپەت بېغىڭ!

شادلىنىپ نە ئۈچۈن ئېيتماي مەن قوشاق،
بېشىڭغا ئەللىك تال سانجىغاندا ئاق.
ئاق نۇرۇڭ يورۇتقان قەلبىم تېگىدا،
تەشەككۈر شەپىقى كۆتۈردى بايراق،
سەن ئالتۇن بۇلاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراغ.

1985 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىر

## مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن

«ۋاز» قىلىپ بالىنىستىن چىقتى بىر سادا،
دۇنياغا كەلدى ـ دە، ئاھ، تىرىك بىر جان.
بۇ يىغا ساداسى ـــ بەخت ناۋاسى،
ئاتىنىڭ يۈزىگە ئۇرغۇپ چىقتى قان.

قوللاردىن ـ قوللارغا يۆتكىلەر بوۋاق،
شادلىقتىن چېھرىلەر نۇر تۆكەر تال ـ تال.
بېسىقماس بوۋاقنىڭ يىغىسى بىراق،
تېپىرلار قۇچاقتا، بىر تايچاق مىسال ...

دۇنيادا ھەر كۈنى شۇنداق يىغىلار
ئېپ كېلەر قانچىلاپ دىللارغا شادلىق.
بۇ يىغا ئانىغا بەخت تۇيۇلسا،
ئەجەبكىن، بالىجان نالەيدۇ ئاچچىق.

بەرھەق، راست ! ھېچكىممۇ ئانا قارنىدىن،
ۋىلىقلاپ كۈلگەنچە تۇغۇلغان ئەمەس.
(كۈلسە بىر دەھشەتقۇ؟) شۇڭلاشقا يىغا،
ھېچكىمگە غەلىتە تۇيۇلغان ئەمەس.

يىغىنى گوياكى ناخشا بىلگەندەك
ئارامسىز ئېسەدەپ تۇغۇلغان مەنمۇ.

بۆشۈككە ۋۇجۇدۇم تىكىلگەندە چىلىك،
تۆن بويى يۇلقۇنۇپ بوغۇلغان مەنمۇ.

ئويلايمەن شۇ يىغام ۋەجىنى ئەمدى،
خىياللار ئېزىتقۇ، خىياللار سەبى.
ئويلايمەن، شۇ سەۋەب ئايان بولسۇن، دەپ،
بۇلۇتلار كەينىدىن ئاي چىققان كەبى.

بەك ئۇزاق، بەك ئۇزاق بىلىندىمۇ يا،
توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ياتسام قورساقتا.
ئاشۇ چاغ ئارزۇلار ئارام بەرمەستىن
تەلپۈنگەنمىدىم يا كەڭرى يايلاققا؟

ۋە ياكى بىلدىمۇ يۇمران تېنىمنىڭ،
زاكىغا ئەركىسىز باغلىنىشىنى؟
قۇياشقا قول سوزۇپ تەلپۈنەلمەستىن،
سۈت كەبى باغرىمنىڭ داغلىنىشىنى؟

ۋە ياكى ئانامنىڭ ئازابلىرىغا،
تۆلگەن بەدەلنىڭ يىغىسىمۇ بۇ؟
ۋە ياكى كەلگۈسى هۆر هاياتىمنىڭ
هارپىسى، بەلگىسى، جىلۋىسىمۇ بۇ؟

مەيلىلا نېمىدىن بولسۇن ئۇ يىغام،
بىهۇدە ئەمەسكەن نالەيۇ پەرياد.
ئاسايىش يىگەركەن غەم ـ غۇسسەلەرنى،
قۇدرەتلىك تەلپۈنۈش تاپاركەن مۇراد.

سۈمۈردۈم مەن ئانام سۈتىدىن شادلىق،
يىغامغا بىر ـ بىرلەپ قويۇلدى چېكىت.

كۆلۈشنى ئۆگەندىم، كۆلۈپ چوڭ بولدۇم،
دىمەيدۇ ھېچكىممۇ يىغلاڭغۇ يىگىت.

زامانەم كېپىلدۇر كۆلكەمگە مېنىڭ،
تەۋرىنەر بەختىنىڭ قوينىدا خەلقىم.
ئەمدى مەن بۆشۈك ئەمەس، تۇلپار ئۈستىدە،
قۇياشتىن نۇر ئېلىپ يېتىلدى ئەقلىم.

بۇلۇتلار باغرىنى تېشىپ چاقماقتەك،
تەپەككۇر كۆكىدە چاقنىيالايمەن.
دالادا تاشلاردىن يالقۇن چاچرىتىپ،
بەھۇزۇر قىيغىتىپ تاقلىيالايمەن.

ئېرىتقۇ يامراتقان ئاچچىق ئىسرىقلار،
كۆزۈمنى زىنھاركى ياشلىيالمايدۇ.
كۆلىمەن، تۇمانلار ئىچىدىن بالقىپ،
ئېڭىمنى غەپلەتكە باشلىيالمايدۇ.

ئاجايىپ مۇئەمما ھايات قىسمىتى،
كىملەرنى يىغلىتىپ كۆلدۈرمىگەن ھەم.
چوغلىنىپ ئېچىلغان ئەترگۈل چېچى،
تاڭ پەيتى مەڭزىدە يالترار شەبنەم.

كۆلىمەن، خەلقىمىز قۇچقاندا زەپەر،
كۆلىمەن، مۇھەببەت تاپقاندا ۋىسال.
كۆلىمەن جاپالار ئالدىدا مەغرۇر،
ئۆلۈممۇ چېھرىمنى قىلالماس ئۇسال!

مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن،
بۇ خەلقىم ئۆگەتكەن قەيسەرلىكمىدىن.
ئۆلسەممۇ تەبەسسۇم بىلەن كېتەرمەن،
ھاياتنى سۆيگۈچى چىن ئەرلىكمىدىن.

1986 - يىلى سېنتەبىر

## پەخرىم

ئادەممەن،
ئادىمىيلىك سۈپىتىمدىن
سىپزىمەن تاغدەك غۇرۇر ئىپتىخارنى.
بار مەندە ئادەمگە خاس خىسلەت، ۋىجدان،
تەگرىدىن تىلىمەيمەن بەخت، باھارنى.

بۇ ۋىجدان ۋۇجۇدۇمغا جان بېغىشلاپ
ياشنىتار مېنى دائىم پاك ھېسسىيات.
بىلىمەن غەزەپلىنىش ھەم كۈلۈشنى،
تەپەككۇر ئاسمىنىدا قېقىپ قانات.

ۋە لېكىن قانات ماڭا لازىم ئەمەس،
ئۇچۇشنى خالىمايمەن ساماللاردا.
ئايرىلماي ئانا تۇپراق قۇچىقىدىن،
ماڭىمەن يالاڭ ئاياغ دالالاردا.

ماڭىمەن گۈزەل پارلاق مەنزىل تامان،
چۆللەردە ۋە تاغلاردا ئىز قالدۇرۇپ.
يۈرمەيمەن ئۆزۈم ئۇچۇن ئەزان ئېيتىپ،
خاترە مۇنارىنى ھەم سالدۇرۇپ.

تەھقىقكى تاماسىز مەن،
خالىمايمەن

بولۇشنى ئوردىلارنىڭ تاجىسىمۇ.
بولمايمەن پاكارلارنىڭ ئېگىزرەكى،
ۋە ھەتتا ئېگىزلەرنىڭ سايىسىمۇ!

راست، دوستۇم، ماڭا قانات ھاجەت ئەمەس،
قاناتلىق تەرك ئېتەركەن دىيارىنى.
مەن ئۆستۈم ئانا تۇپراق قۇچىقىدا
سۆيىمەن ئۇنىڭ قىشى، باھارىنى.

راست، دوستۇم، ماڭا قانات ھاجەت ئەمەس،
ماڭىمەن بۇ تۇپراقتا ساپ تەر تۆكۈپ.
تۇپراققا ۋە خەلقىمگە تەسەددۇقمەن،
ئۆلسەممۇ دۇم ياتىمەن يەرنى سۆيۈپ.

ئادەممەن،
ئادىمىيلىك سۈپىتىمدىن
سىزىمەن تاغدەك غۇرۇر ـ ئىپتىخارنى.
تائەبەد ئاددىي ۋە پاك بىر ئادەم مەن!
ئەقىدەم زىكىر قىلار بۇ شوئارنى.

1986 ـ يىلى

## دەريادىن چۇقان...

گۈزەللىك ئىشقىدا يۈرىكىم ئاتەش،
چاڭقىغان ھېسلىرىم باشلايدۇ مېنى.
كېلىمەن ساھىلنى بويلاپ يېگانە،
خىيالىم دولقۇنغا تاشلايدۇ مېنى.

لەۋ ئۇرۇپ ئاقىدۇ دەريا تىنىمسىز،
بېتىدىن زۇمرەتتەك سۈزۈكلۈك ئايان.
ئېقىندا نۇرىنى چايقايدۇ قۇياش،
تەلمۈرۈپ ئەكسىنى كۆرەر ھەم ئاسمان.

كۆمۈشتەك ئېتىلىپ تۇرغان بۇژغۇنلار
ئەسلىتەر ئالەمنىڭ چېچەكلىرىنى.
مۇلايىم ئېقىشى رايىش تەۋرىنىپ،
كۆرسىتەر لەيلىنىڭ بىلەكلىرىنى.

چوققىدىن باشلانغان ئەي دەريا، ساڭا
قوشۇلدى قانچىلاپ ئەگىزۇ قىيان.
سۈيۈڭنى بۇلغىماق قەستىدە چۈشكەن
ئەخلەتۇ چاۋالار كەتكەندۇ قايان؟

ھە مانا ئالدىمدا ئۇلۇغ دولقۇننىڭ
ساھىلغا ئۇرۇلۇپ شۇۋىرلاشلىرى.

قىرغاقتا قىستىلىپ قاپتۇ خەس ـ چۆپلەر،
تۇرقىدا بىچارە قىمىرلاشلىرى …

بۇ قىزىق مۆئەمما، بۇ جازىبىدىن
قىلدى پاك بىر تۇيغۇ روھىمدا جەۋلان.
كەلمەكتە دەريانىڭ شارقىرىشىدىن
گۈزەللىك غالىبتۇر دېگەن بىر چۇقان!

1987 ـ يىلى

# سەھرا يولى

يادىمدا جىلۋىلىنەر گۈزەل چۈشتەك،
بالىلىق شوخلۇقلىرىم سىڭگەن يوللار.
تومۇزدا يالاڭ ئاياغ چاپچىپ يۈرۈپ،
چىۋىقنى تۇلپار قىلىپ مىنگەن يوللار.

بىر ئۇچى ئۇپۇق بىلەن قۇچاقلاشقان،
(بىلمەيمەن، قاچان بىنا بولدىكىنتاڭ؟)
ھەر سۆيۈپ ئۆتسە ئۇنى ئىز - تۇياقلار،
سەھەرنىڭ تۇماندەك ئۆرلەيدۇ چاڭ.

سۆيىدۇ باھار ئۇنى ئەڭ دەسلىپى،
يېشىللىق تونىغا ئۇ چۈمكىنىدۇ.
قاسىنقى ئەسىر كۆرگەن قېرى ئۈجمە،
سوپىياڭ ئۆتسە سايراپ، تۆكۈلىدۇ.

زەپمۇ گىرەلەشكەن كۆجۈم مەھەللە،
تۇتىشىپ كەتكەن تامام باغىراڭلار.
پەرىلەر تىنىقىدەك شوخ شامىلى،
ئاھ، جانىنىڭ ھۇزۇرىدۇر خىيابانلار.

شىلدىرلاپ بويلاپ ئۇنى سۈزۈك ئېقىن،
قىرلاردا ئېپار ھىدلىق ياۋا چېچەك.

شاخلارنى سەھنە قىلىپ سايرار قۇشلار،
تىلىدىن مۇقام تۆكۈپ ئېتەك ـ ئېتەك.

نەقەدەر سۆيۈملۈك ـ ھە، سەھرا يولى،
تىنمايدۇ جۇشقۇن ھايات شامۇسەھەر.
ھەر ياپراق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن
كۈلكىلەر، پىچىرلاشلار، مۇڭ ۋە دەردلەر.

ماڭدۇ،
ماڭغان بۇندىن تالاي ئىنسان،
جاپادىن كېيىن خۇشال تويلار تارتىپ.
ئاچلىقتىن ماڭغان گاھى «يادوست» ئېيتىپ،
ئەمدىچۇ، ئۇلاغلارغا ئاشلىق ئارتىپ.

جىلتامنى ئېسىپ مەنمۇ ماڭغان بىر چاغ،
ئېقىۋالغان ئۇ مەن ئېيتقان قوشاقلارنى.
ئەقلىمنى ئۇيۇقلارغا يېتەكلىگەن،
كۆرسىتىپ نۇر چاقنىغان يىراقلارنى.

بىلىمەن، مۇنبەرلەردە ئالىم بولۇپ،
شان ـ شەرەپ قۇچقانىنىمۇ ئۇزاتقان شۇ.
ئۈستىگە چاڭ قوندۇرماي، سامالاردا
پەرۋاز قىپ ئۇچقانىنىمۇ ئۇزاتقان شۇ.

سېغىندىم بۈگۈن سېنى سەھرا يولى،
تەلپۈنۈپ ئېگىز ـ ئېگىز بىنالاردىن.
ماڭغۇم بار يالاڭ ئاياغ توپا كېچىپ،
سىرىڭنى تىڭشاپ ھەر گۈل ـ گىياھلاردىن.

1987 ـ يىلى ئىيۇن

## قەدىناس شەھىرىم

قەدىناس ئۈرۈمچى سۆيۈملۈك شەھىرىم،
ھۆسنۈڭگە زوقلىنىپ تويماي باقمەن.
ھەر باقسام يېڭى تۈس كۆرىدۇ قەلبىم،
تېرەمگە سىغمايمەن، قوشاق قاتىمەن.

كېچىسى كۆكتىمۇ، يەردىمۇ يۇلتۇز،
ئوخشايدۇ قۇچىقلىك نۇر دۇنياسىغا.
سەھەرلەر كوچاڭدا يۈرسەم بەھۇزۇر،
چىگىلىپ كېتىمەن نۇر تالالاسىغا.

ئادەملەر قۇياشتىن تۇغۇلغاندەكلا،
ھۆسنىدىن بەختىنىڭ نۇرى ئوينايدۇ.
تۇرقى گۈل، كۆلكىسى بىر ئېتەك غۇنچە،
نىگاھى سەندىن ھەم ئەتىر سورايدۇ.

باشقىچە بىر دۇنيا ئاۋات رەستىلەر،
توي ـ مەشرەپ بولغاندەك شۇقەدەر قايناق.
ئالىسەن بۇ يەردىن ساماغا ئەنداز،
باقاللار ساداسى يۇز ئاچقۇ قوشاق.

كىم كۆرگەن بۇنچىلىك مەمۇرچىلىقنى،
جاڭ چيەنمۇ، چىڭگىزمۇ، قەشقىرىمۇ يا ؟

يېڭىلىق شاملى ھەر بىر تىنىقلىك،
ئۆزگىرىپ بارماقتا ھەر تاش، ھەر گىياھ.

تۇنۇگۇن قىيسىيىپ تۇرغان ئەسكى تام،
دۇمچەك ئۆي ئورنىدا ئىشلار باشقىچە.
لىككىدە ئۆرلەيدۇ كۆككە بىنالار،
كۆزۈڭنى بىر دەقىق يۇمۇپ ئاچقۇچە.

قارىغىن، ئەمدى ئۇ بىنا ئۇستىدە
جاڭجالچى كانايىنىڭ يوقتۇر مۇنبىرى.
پەرۋاز قىپ ئەگىيدۇ بىنا ئۇستىدە
شادلىققا چۆمۈلگەن تىنچلىق كەپتىرى.

كۆۋرۈكلەر قونماقتا باغرىڭغا شۇ تاپ،
قەلبىڭدەك ئۆركەشلىك دەريانى ئاتلاپ.
ئۇمىدلەر ۋەزنى بار ئاشۇ كۆۋرۈكتە،
تۇرىدۇ بۇگۇننى ئەتىگە ئۇلاپ.

ئۇرۇمچى يوللىرىڭ كەڭرىمەكتە تېز،
قاسنىقى باراقسان، كۆكسىدە چېچەك.
دوقمۇشلار گۈل قەسرى، گۈللەر ھۆسنىدە
جىلۋە قىپ تۇرىدۇ نۇرلۇق كېلەچەك.

تارلىقنىڭ دەردىنى تارتتۇق ئەجەبمۇ،
ئەمدى كەڭ بولماقتا مانا يولىمىز.
بۇ يولدا زىمىستان كۆرمەي ماڭساق، دەپ،
تىلەيمىز نۇر كۆرگەن چاغدا دولىمىز.

1985 ـ يىلى

## تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق

تۆكۈلمەكتە كۈز شامىلىدا
دەرەخلەردىن سارغايغان ياپراق.
ياپراقلارنىڭ شۇئىرلىشىدىن
مەن ئاڭلايمەن گويا بىر قوشاق.

دەيدۇ ياپراق:
بۇ ئايرىلىشتىن
سەزمەس دىلىم قىلچە دەرد ـ پىراق.
يېشىللىقنىڭ سولماقلىقى بار،
ھاياتلىقنىڭ قانۇنى شۇنداق.

ئارمانسىزمەن، بۇ ھاياتىمدا
ئەلگە بەردىم يېشىللىقىمنى.
مەڭگۈ قۇچۇپ ياتالايتتىمۇ
بۇيۈك دەرەخ ـ ئانا شېخىمنى؟ ...

پەخىر بىلەن كېتىمەن بۈگۈن،
بۇ، ئارمانسىز تۆكۈلۈش شۇنداق.
تۆكۈلمىسە سارغايغان ياپراق،
يېڭى بىخلار كۆكلەيدۇ قانداق؟!

*　　*

شۋىرلايدۇ زەر رەڭ ياپراقلار،
باغاشلايدۇ ئۇلارنى تۇپراق.
خەۋەر بېرىپ يېڭى كۆكلەمدىن،
كۆز شاملى توۋلايدۇ قوشاق …

1985 ـ يىلى ئاپرېل، شاڭخەي

# دەريا ۋە دېڭىز

يۇگەنسىز تۇلپاردەك ئويناقلاپ،
ئاقىدۇ دەريالار شىددەتلىك.
قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تىنىمسىز،
نەرىلەر تارتىدۇ ھەيۋەتلىك.

شۇ قەدەر قۇدرەتلىك دەريالار،
دېڭىزغا قۇيۇلار ئاقىۋەت.
شاۋقۇنى چېپىدە جىمىيدۇ،
مۇرادقا يەتكەندەك ئەزىمەت.

نەچچە مىڭ دەريا ۋە ئېقىننى،
ئالىدۇ شۇ دېڭىز قوينىغا.
ۋە لېكىن مۇلايىم تەۋرىنەر،
ئوخشاپ ئۇ بىر ۋەزمىن ئانىغا.

زوقلىنىپ بىپايان دېڭىزغا
چۈشەندىم ھاياتنىڭ بىر سىرىنى.
بىرلىكتىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تۇغۇلار،
كەڭلىككە موھتاجدۇر تار ئېقىن.

1985 ـ يىلى ماي، شاڭخەي چۇنمىن ئارىلى

# كۆك دېڭىز

كۆك دېڭىز، كۆپكۆك دېڭىز،
خىسلىتىڭ زەپ كۆپ، دېڭىز.
چايقىلىپ تۇرغان سۈيۈڭ،
زۇمرەتمۇ ياكى كۆك قىمىز؟

تاڭ شامىلى يۈزلىرىڭنى
چايقىغان ئاسمانمۇ سەن؟
شېشىدەك سۈزۈك بېتىڭ،
يوق چېكىڭ،
قەلبىڭ تىرەن.

سۈت ئېمىپ ھۆسنىگە تولغان،
شۇ تولۇن ئايدۇر قىزىڭ.
يا سەدەپ يەمدۇ تېگىڭدە،
نۇرغا زەپ بايدۇر قىزىڭ*.

كۆكسىگە چوغلۇق تاقاپ،
چىققان قۇياش ئوغلان ساڭا.
ئىچۇرۇپ ئانار سۈيى،
ئىشقىڭنى تۆككەنمۇ ئاڭا؟

يالتىرار ئۇ كۇندۇزى،
ئەلگە تۆكۈپ زەر نۇرىنى.

سەير ئېتەر ئاي تۈنلىرى،
باغقا يېيىپ ئاق تورىنى.

ئەي، ئەزىم كۆپكۆك دېڭىز،
سەن بۈيۈك ئۆلمەس ئانا.
ئاينى تۇغدۇڭ، كۈننى تۇغدۇڭ،
زوقلىنار ئالەم ساڭا.

1986 ـ يىلى ماي، چۈنمىن ئارىلى

---

ئىزاھات

* دېڭىز بويىدا تۇرۇپ قارىغان كىشىگە، ئاي بىلەن كۈننىڭ خۇددى دېڭىزدىن چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# قۇملۇق ۋە دېڭىز

قاي تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بۇ،
بىر ـ بىرىنى ئايرىپ تاشلىغان؟
يىراقلاردىن تۇرۇلۇپ كېلىپ،
ساھىللارغا تىنماي يامىشىپ،
ئىنتىلىدۇ دېڭىز قىرغاققا،
ئۇ چىقماقچى بولغاندەك،
گويا تۇپراققا،
كۆز ياشلىرى
قىيالاردا
ئايلىنىدۇ كۈمۈش مونچاققا ...
ئەسىرلەر بويى
سۇغا زار بولۇپ،
ياتار چاڭقاپ بىپايان قۇملۇق.
باقساڭ ئاڭا
يېشىللىقتىن ھېچ نىشانە يوق.
يەتكىنىدەك خۇددى قېرىلىق
يۈزلىرىدە تۈمەن مىڭ قورۇق.
قاي تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بۇ،
بىر ـ بىرىنى ئايرىپ تاشلىغان؟
چاڭقاقلىقتا قىيناپ بىرىنى،
ۋە بىرىنىڭ كۆزىن ياشلىغان؟!

هېچ ئىش ئۇندىن قېچىپ قۇتۇلالماس،
ئىنسان قابىل بولغان ھەممىگە.
قولۇقلاردا دەريا ئاققۇزۇپ،
بوستان ياسايدۇ.
يېڭى ھايات بېرىپ ھوسنىگە
شەھەرلەرنى قىلىدۇ بىنا؛
تۇپراق يۆتكەپ دېڭىز ئۇستىگە.
بۇ رومانتىك خىيال ئەمەستۇر،
ئىشەن، دوستۇم، ئىنسان قۇربىگە.

1986 ـ يىلى، شاڭخەي

# قۇلۇلىنىڭ ئىقرارى

ساھىلدا قۇياشقا قاقلىنىپ،
قۇملاردا ئۆمىلەپ،
يۈرىدۇ بىچارە قۇلۇلە
پولاتتەك قېپىنى تەڭ سۆرەپ.
دولقۇنلار قىرغاققا يامىشىپ
سوققاندا دېڭىزنىڭ شاملى
ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ،
قۇلۇلە مۆكۈنەر قېپىغا
ئالدىراپ،
دىرىلداپ،
تەمتىرەپ.
دەيدۇ ئۇ:
— ناتىۋان جانىۋارمەن،
يۇمشاقتۇر تەنلىرىم خېمىردەك.
قۇياشقا قاقلىنىپ يېتىشتىن
ئۆزگىنى بىلمەيمەن مەن پەقەت،
يوق مەندە نە يۈرەك،
نە قۇدرەت
شۇڭلاشقا قېپىم بار تۆمۈردەك!

1986 - يىلى ئىيۇن، شاڭخەي

# ئېلىپ كەت ناخشامنى، دېڭىز شاملى

مەن ناخشا توۋلىغان ئالمىلىق باغدا،
يايلاقتا، چۆللەردە، دوستلار تويىدا ...
ئانا يۇرت ئۆگەتكەن ئاشۇ ناخشىنى،
ھە، بۈگۈن توۋلايمەن دېڭىز بويىدا.

ناخشامدا باغلارنىڭ خۇش ھىدى ئاقار،
ناخشامدا يايلاقنىڭ يېشىللىقى بار.
ناخشامدا دېڭىزنىڭ سۈزۈكلۈكى بار،
ناخشامدا سېغىنىش ئوتلىرى يانار.

سەپەرگە ئاتلاندىم، ئۇزاتتى يۇرتۇم،
ئۈمىدنى قانات قىپ ئىنتىلىشىمگە.
غەۋۋاسمەن مەرىپەت دېڭىزلىرىدا،
ئىرادەم ماياكتۇر ئىزدىنىشىمگە.

ئارزۇلار ئېتىلىپ تۇرغان بىر لاچىن،
ھەر بىر ئوۋ شۈبھىسىز مېنىڭ ئەلۋەتتە.
جاۋاھىر تولماقتا ئەقلىم كانىغا،
ئەي يۇرتۇم، بۇ بايلىق سېنىڭ ئەلۋەتتە.

تەلپۈنۈپ باغلارغا، كۆمۈش چوققىغا،
يەرگىچە ئېگىلىپ بېرىمەن سالام.
ئېلىپ كەت ناخشامنى دېڭىز شامىلى،
تىڭشىسۇن تەڭرىتاغ، تىڭشىسۇن ئانام.

1986 ـ يىلى ماي، شاڭخەي

## دېڭىزدەك تەۋرىنىش بولسا قەلبىمدە

ئايلىنىپ يۈرىمەن دېڭىز بويىدا،
زوقلىنىپ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلىرىغا.
دەممۇدەم ئۇپۇققا لەيلەپ كېتىدۇ،
خىيالىم مىنگىشىپ دولقۇنلىرىغا.

كۆزلىرىم تالىدۇ چېتىگە قاراپ،
يايلاققا ئوخشاتتىم چەكسىزلىكنى.
بۇژغۇنلار پۇتۇمنى سۆيۈپ قاچىدۇ،
نېمە دەي شوخلۇقى ـ كەپسىزلىكنى؟!

ئاسماننى سۈزۈك دەپ كەپتىمەن كۆپتىن،
سۈزۈكلۈك ئايلانسۇن دېڭىز ھۆسنىدىن.
پاكلىقتا ئاسمانغا بولىدۇ ئەينەك،
قىلچە داغ تېپىلماس زىنھار كۆكسىدىن.

شۇ پاكلىق قەلبىمگە سالدى ئىشتىياق،
تاشلاندىم قوينىغا بولۇپ بىر بېلىق.
دولقۇنى كۆتۈرۈپ ئويناتتى مېنى،
ئانامنىڭ قولىدەك، ئاھ، شۇنچە سىلىق ...

قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يەنە
زەڭ سېلىپ تىڭشايمەن شاۋقۇنلىرىنى.

ئېسىمدە چوڭلارنىڭ ئېيتقان بىر سۆزى:
«ئۆگەنگىن سەن ئۇندا دېڭىز كۆينى».

دېڭىزدا چايقىلىش، دولقۇن شارقىراپ
قىياغا ئۇرۇلار بىر خىل رىتىمدا.
تاڭدىن تا شامغىچە شۇ بىر سادانى
تەكرارلاپ كېلىدۇ ئۇ ھەر قېتىمدا.

چايقىلىپ، شارقىراش ئىكەن ناخشىسى،
بىلمەسكەن ئۇنىڭدىن زىنھار باشقىنى.
دېڭىزدەك تەۋرىنىش بولسا قەلبىمدە،
ئېيتاتتىم يېڭىدىن - يېڭى ناخشىنى!

# يول چىرىغى

مەلگە سوزۇلغان شۇ بىر كىچىك يول،
ئۆزۈلمەس ئاياغلار كېچە ۋە كۈندۈز.
دوقمۇشتا، ئىستولبا ئۈستىدە چىراغ،
چاقنايدۇ كېچىسى بولۇپ بىر يۇلتۇز.

ئاق سۈتتەك نۇرلىرى يولغا پاياندار،
تاڭ ھۆسنى قوشىدۇ ئېگىز ۋە پەسكە.
سەپەرلەر خاتىرجەم قىلىدۇ داۋام،
چۈشمەس ئۇ بىراق ھېچ نەزەرگە، ئەسكە.

ئۆتىدۇ شۇ يولدىن ئاق نۇرغا چۆمۈپ،
قىز - يىگىت ئاشىقلار شادىمان كۈلۈپ.
ئۆتىدۇ بوۋايلار ھاسا تايىنىپ،
ئۆتىدۇ چوكانلار داستىخان كۆتۈرۈپ ...

ئۇ يورۇپ كەلدى قىش - قارلىق كېچىدە،
شۇۋىرغان ئاياۋسىز ئۆتتى قامچىلاپ.
ئۇ يورۇپ كەلدى ياز - تىنچىق ھاۋادا،
يامغۇردا ياشلىرى ئاقتى تامچىلاپ ...

ھېچكىممۇ يادىغا ئالمايدۇ ئۇنىڭ
قاچاندىن نۇر چېچىپ كەلگەنلىكىنى.

ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن
قانچىلىك قۇت ـ ئامەت بەرگەنلىكىنى.

يورۇپ ئۇ ئۆن ـ تىنسىز پۈتەر ئۆمرىمۇ،
ۋە باسار شۇ يولنى قانتى تۆنىنىڭ.
شۇ چاغدا كىشىلەر ئالار ئېسىگە،
«ئاھ ئىست، چىراغ» دەپ ئۆرتىنىپ كۆرمىگە.

## هايات

(كاردىيوگراممىغا قەغىزىمنى كۆرۈپ)

كۆرستىپ ماڭا ئاق قەغەزدىكى
ئەگرى سىزىقنى
دېدى دوختۇر:
— يۈرىكىڭىزنىڭ سۈرىتى مۇشۇ،
ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىمۇ شۇ،
ئەركىن ئېلىڭ ئەمدى تىنىقنى.

رەھمەت ئېيتتىم
ۋە ھەم تۇرۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.
«تۈز سوقاتتى مېنىڭ يۈرىكىم،
نېيتىممۇ ئەمەستى ئەگرى،
نېچۈن سۈرىتى بۇ خىل تۈزۈلدى؟»
دېدى دوختۇر:
— ئەگرى - بۈگرى بولغىنى
ھاياتلىقتىن نىشانىڭىز!
تۈز بولسا ئەگەر
ماركىس قېشىغا قىلىمامسىز سەپەر،
ئەگرى بولار يەنە ئۇ جەزمەن،
ئۇنى بولسىلا پىشانىڭىز...

چۈشەندىم،
دەريادا نېچۈن دولقۇنلار پەيدا،
هايات نېچۈن كۆرەشكە شەيدا! ...

1985 ـ يىلى مارت، شاڭخەي

# مۇقام

يازنىڭ دىمىق ئاخشاملىرىدا
سۈكۈت مېنى ئالغاندا يۇتۇپ،
يىراقلاردىن كېلىسەن ئۇچۇپ،
ياشاڭغىرىغان ئوي ـ خىيالىمنى
شامال بولۇپ كېتىسەن يۇدۇپ.

قار ـ مۇز ئىچرە قاتقاندا چۈشۈم،
ۋۇجۇدۇمنى نۇر بوپ تىلىسەن،
كۆز ئالدىمنى گۈلزار قىلىسەن،
تومۇرۇمدا تىترىتىپ جۇپ تار،
يۈرىكىمگە زەخمەك ئۇرىسەن.

سەپەر مېنى ھالسىراتقاندا،
ئېگەرلەيمەن تۇلپارلىرىڭنى،
چاقماق كەبى ئۇدارلىرىڭنى،
قۇچاقلايمەن مەنزىل بېغىدا
ھەر دەقىقە نىگارلىرىمنى.

بەلكىم قۇياش تۇغقاندۇر سېنى،
يا كۆز يېشى ۋە ياكى دەريا.
مەن ئاڭلايمەن سەندىن شوخ ناۋا،
ھەر نەپىسىڭ تۇغسۇن مىڭ يۈرەك،
سېھرىڭ بىلەن تىترەيدۇ ساما.

1988 ـ يىلى ماي

## ۋاپادارلىق

زوقلانمايمەن قاناتلىقلارغا،
قاناتلىقلار كېلەر ۋاپاسىز.
زېمىن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام،
بۇندا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن.
ئۆمىلىسەم،
ماڭسام،
يۈگۈرسەم،
گۈس - گۈس قىلىپ دەسسىسەم ھەتتا
ۋايىسىماستىن شادلىنىپ كۈلگەن.
مېھرى بىلەن پەپىلەپ ھەردەم،
ئوزۇق بېرىپ ياشناتقانمۇ شۇ.
ئەتىۋارلاپ
ئېلىپ بېشىغا
«كۈل، ئوغلۇم» دەپ ئويناتقانمۇ شۇ.
يۈرەك رىشتىم چىگىلگەن ئاڭا،
بىر دەقىقە ئايرىلسام شۇڭا
چىدالمايمەن ھىجرى - پىراققا.
باغرىم كۆيۈپ
قارايمەن ھەر ۋاق
يول يۈرگەندە يۇمشاق يۈزىگە
پېتىپ كەتكەن چوڭقۇر ئىزىمغا.

ئاھ، نەقەدەر ئوخشار شۇ ئىزلار
سۆيۈنگەندە
ئانا يۈزىدە
پەيدا بولغان نازۇك زىننخقا.
قانداق ئانا سۆيۈملۈك بۇنچە،
قانداق ئانا بۇنچە كەڭ قورساق؟
قانداق ئانىدا بار بۇنچە سۇبات!؟
ئۇنۇتار بارچە سەۋەنلىكلىگنى
ئۆلسەڭمۇ ساڭا ئېچىپ كەڭ قۇچاق!
شۇڭا دەيمەن قىلىپ چىن نىدا،
قالسام ئەگەر بىر كۈن نەپەستىن
چوڭقۇر قىلىپ كۆمۈڭلار مېنى.
ياتاي رازى بولۇپ تېگىدە
مەڭگۈ ـ مەڭگۈ كۆتۈرۈپ ئۇنى !

1986 ـ يىلى

## مەن بۇلاق بوپ قايىندىم، بىراق ...

مەن بۇلاق بوپ قايىندىم، بىراق
تەنتەكلىكىم ئەمەس بۇ زىنھار.
شوخلۇق بىلەن بۇلدۇقلاپ تۇرسام،
شاللاقكەنسەن دەمسەن، ئەي نىگار؟

قايناپ چىقتىم زېمىن تەكتىدىن،
سادالىرىم زېمىن ناۋاسى.
كۆيلىرىمدىن جانلىنار ھەر ۋاق،
ئانا يۇرتنىڭ چەكسىز دالاسى.

ياقتۇرمايمەن تۇرغۇن سۇ بولۇپ
كۆلچەكلەردە پىخسىپ يېتىشنى،
مەن سۆيىمەن شوخ كېيىك كەبى
قىيغىتىشنى، سەكرەپ چېپىشنى.

مەن بۇلاق بوپ ئۇرغۇپ ئاقىمەن،
ئېقىنلىرىم چاقنار زۇمرەتتەك.
چاڭقىغانغا شەربەت مەن گويا،
بەھرىم چۆلنى قىلدۇ جەننەت.

بوستانلاردىن ۋىلىقلاپ ئۆتسەم،
مۇڭلىرىنى ئېلىپ كېتىمەن.
جىمىپ قالسام ئەيىب ئەتمەڭلار،
قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىمەن.

1986 - يىلى

# ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى

بايرىقى تىكلەندى ئاچچىق تولغاقنىڭ،
ئۇپۇقتىن شولىلار ئاققاندا ئەزىم.
زارىقىپ تېۋىنغان قارا قوي كۆزلەر
زېمىن تاجىغا يوللىدى تەزىم.

چاڭقىغان لېۋىگە ئانا تۇپراقنىڭ
سىرغىدى رەيھاننىڭ لالە رەڭ يېشى.
باشلىرى ئېگىلدى قېرى توغراقنىڭ،
ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى.

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى،
ھېكمىتىڭ كۆلمەكتە قەلبلەر قەسرىدە.
زىنىخلار بەختلىك مەي تولغان جاممۇ؟
كىرپىكلەر نەملەندى ئالتۇن قەترىدە.

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى،
نۇرۇڭدىن پاياندار يېپىندى يوللار.
شوخ مۇقام توۋلايدۇ جەنۇب شاملى،
غەپلەت قاسرىقىنى تاشلىدى دىللار.

ئەسلىدىم، بۇ قەدىم تارىم ئەۋلادى
ئالتۇن ئاچقۇچنى يوقاتتى قاچان؟

يۇلغۇنلۇق دالادا قالدى تېگىرقاش،
ئارزۇلار تۇغىنى كۆمدى قۇم - بارخان.

ھەسرەتلىك جىلۋىلەر مۇزغا ئايلاندى،
توغراقلار يېشىدىن ئۇلغايدى تارىم.
كىشىنگەن دولقۇننى يۇتتى باياۋان،
شور باسقان ساھىلدا ئۇنسىز دۇتارىم...

قۇياشنى چاقىردۇق قۇشلار تىلىدا،
ئىلتىجا شاخلارغا ئېسىلدى بەزەن.
چىرماشتۇق مەغرىبىنىڭ گۇگۇملىرىغا،
ھىلال ئاي قۇببىسى توۋلىغاچ ئەزەن.

نېمىلەر ئىزدىدۇق، نېمىلەر تاپتۇق،
ئايسىز كېچىلەردىن ساخاۋەت سوراپ.
ئېھ، قۇياش ھېكمەتتۇر، قۇياشتۇر تەڭرى،
تاشلانغىن قوينىغا، ئۇندا نۇر - ئاپتاپ!

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى،
ئەسسالام، بوۋاقتەك يۇلقۇنغان سەھەر!
يۇلغۇنلار قان سۆيگەن چىغىر يوللاردىن
يامرىدى ئۇپۇققا بىزنىڭ بۇ سەپەر.

مۇخلارغا قىرمىزدىن رەڭ بېرەر ئاياغ،
چېچەكلەر سۆيىدۇ ئىزلىرىمىزنى.
ھۆر قىزنىڭ كۆكسىدە دولقۇنلۇق ئېقىن
چايقايدۇ كەڭ دالا - تۈزلىرىمىزنى.

قۇياشتىن گېن ئالغان ئەركەك خىياللار،
شۇكرىيەت تورىغا تۇتاشتۇردى ئوت.

قورۇنغان سامانىڭ يىرتىلدى تېنى،
رەڭگارەڭ يۇلتۇزنى قىلىپ تەۋەللۇت.

تومۇردەك مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا تارىم،
ئەسىرلىك ئارماننى قىلغانچە ھاپاش.
بىز دولقۇن ئوغلى بىز، سەھەر ئوغلى بىز،
ئۆككۈردىن دالاغا ئېتىلدى قۇياش!

1993 ـ يىلى ئۆكتەبىر، شايار

# سالام پايتەخت، سالام قۇربان ھېيت

2006 ـ يىلى قۇربان ھېيتتا بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەم مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق كادىرلار بېيجىڭدىكى «ئالتۇن كىروران» رېستورانىدا جەم بولۇپ، ئايەمنى بىرلىكتە تەبرىكلىدۇق.

**قۇربان ھېيت كەلدى،**
**پايتەخت مەڭزىدە شادلىق تەبەسسۇم،**
**«ئالتۇن كىروران» دا ئايەم قايندى،**
**چىرايلاردىن تۆكۈلدى چېچەك،**
**يۈرەكلەرنى قۇچاقلار يۈرەك،**
**جەم بولغان بۇ ياخشى كۈنلەردە**
**ھەركىم قۇياش بولۇپ پارلىدى.**

**سالام بىرەي**
**ئىللىق چىراي قېرىنداشلارغا،**
**داۋانلار ئاتلاپ،**
**يىللارنى قاتلاپ،**
**پايتەخت قۇچىقدا شەرەپ قۇچقان**
**قېرى ـ ياشلارغا.**
**مويسىپىتلار بولسۇن سالامەت،**

ئۇلار بىزگە تەۋەررۈك، ئامەت،
ئۇلار بىزنىڭ بۈيۈك ئوغلانلار.
ئۇلار بىزنى ماڭغان يېتەكلەپ،
بۈگۈن مانا ئەجرى چېچەكلەپ،
سۆزلەپ تۇرار يىللاردىن ھېكمەت.
ياشلار
كۆرسەتمەكتە تېخى كارامەت،
ئۇلار
ئىلىم كۆكىدىكى يېڭى چولپانلار،
باسقان ئىزلىرىدىن ئۈنسۇن چېچەك،
تارىخقا يېزىلىدۇ داستانلار.

شەرەپ قۇچسا قىز ۋە ئوغلانلار،
پەخىرلىنەر ئانا يۇرت ھامان.
ئاقيول تىلەر ئۇرۇق - تۇغقانلار،
بىز ئاشىمىز تېخى كۆپ داۋان.

كېلىڭلار،
كۆتۈرەيلى ئالتۇن قەدەھنى،
جور بولسۇن
مەرھابا ئېلى ۋە تارىم.
قوشۇلدى
داستىخاندا بۈگۈن رىزقىمىز،
يەنىمۇ
چىڭىپ كەتسۇن يۇرەك رىشتىمىز.
ئامان بولساق
يوقلاپ تۇرىمىز سىلەرنى دائىم.

# ئاتمىش يىللىقىمىزغا

بىر بۈيۈك شەخسنى چۈشەنمەك
بىر قامۇس ئوقۇغان بىلەن باراۋەر.
— خاتىرە دەپتىرىمدىن

بەش مۈچەل كەتتى ئۆتۈپ ئاتمىش زىمىستان ھەم باھار،
نى جۇدۇنلار ئۆتتى باشتىن سىز يەنە مەزمۇت چىنار.

كەلدى كۆز چاغلار دېمەڭ بۇ نەۋقىراندەك پەسلىڭىز،
پۈركىنىپ گۈلگە ھايات بوستانىڭىز ياشناپ تۇرار.



يۈكلىدى تاغدەك ئىشەنچتە بىر مۇقەددەس يۈكنى ئەل،
جان كۆيەر تەر تۆكتىڭىز بولماقنى ئىستەپ تۆھپىكار.

مېھرىڭىزدىن ياغدى ئاپتاپ، باغرىڭىز كەڭ، بىپايان،
نە كىبىر يوق، كىرمۇ يوق، قەلبىڭىز پاك بىغۇبار.

ئەل سۆيەر دەپ بىلدى ئەل، ئەلگە كۆيۈنگەچ سىزمۇ ھەم،
ئەلگە ياقماقتىن بۆلەك ئەرگە مۇكاپات نەدە بار؟

چىقسا بوران، تەۋرىسە يەر، بولسىمۇ يول ئوي ۋە دۆڭ،
تەۋرىمەي مەزمۇن داۋانلار ئاشتىڭىز، قۇت بولدى يار.

ئۆمرىڭىزنىڭ ھەر بېتى شاھىت ئاجايىپ يىل ئۆچۈن،
پۈتۈلەر تارىخقا زەرباب، بىز ئۆچۈن ئۇ يادىكار.

قەددىڭىز ھەر بىر كۆڭۈلنىڭ تەختىدە سۇلتان تېخى،
تىلىكىم شۇ ئەل بىلەن تەڭ كۆلسىڭىز شاد بەختىيار.

2002 - يىلى 10 - سېنتەبىر

# قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي

(نەسرىي شېئىر)

## 1

بىز قوغۇشۇن رەڭلىك تۇمان ئاستىدا ھاياتلىق تۈنشلىرى خۇددى ئەگىز پەسلىدىكى يۇگەنسىز دەريادەك ھەيۋەت بىلەن تەۋرەۋاتقان، تومۇرلىرى تىنىمسىز يۇرۇشلەردىن كۆپچۈۋاتقان، تىنىقلىرى چىڭقىلىۋاتقان مۇزلۇق بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ جەنۇبتىكى تاغلارنىڭ ئىللىق قىش قوينىغا يۈرۈش قىلدۇق.

ئانا تۇپراق كۈمۈش ئالىقانلىرى بىلەن بىزنى بۇ يۇكسەكلىككە ـــ قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايغا كۆتۈرگەندە، ئەلۋەك نۇرلارغا تويۇنۇپ، پايانى يىراق ئۇپۇقتا غايىب بولغان چەكسىز قارلىق دالالار، تاغلارنىڭ مىڭ يىللىق خىيال ۋە ئويلىنىشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن تىمتاس جىلغىلار، كۈمۈش ساقاللىق بوۋىلاردەك بۇيۇك چوققىلار، سۈزۈك، تىنىق، كۆپكۆك ئاسمان بىزنى تونۇۋالدى؛

قار ئەكسىدە مىڭ بىر كۆز بولۇپ چاقناۋاتقان، قارنىغاي ئاراشلىرىدىن ئالتۇن قوللىرىنى سوزۇۋاتقان، جىلغىلارنىڭ تىنىقلىرىغا ئوتلۇق تەپتىنى بېرىۋاتقان قۇياش جىلۋىسى بىزنى تونۇۋالدى؛

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولغان، باھاردا، قاپتاللارنى، يانباغىرلارنى يېشىللىق قاپلىغان چاغدا.

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولغان، يازدا، يېشىل يامغۇر، يېشىل ئېقىن رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە سىر ئېيتقان چاغدا. بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولغان، كۈزدە، قۇياش ئوغلى ئالتۇن ياپراقلارغا قونۇپ، كاككۇك گۈلنىڭ لەۋلىرىگە خېنە ياققان چاغدا.

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولدۇق، يەنە، قىش پەسلىدە، جىمى پاكلىق ۋە گۈزەللىك، جىمى سۆيگۈ ۋە ئىنتىلىشلەر ئاق لىباسقا ئورالغان چاغدا.

ھەر پەسىلنىڭ پەيزى باشقىچە، ھەر پەسىلنىڭ سىزگە ئاتا قىلىدىغان تۇيغۇ ۋە پىكىرلىرى ئۆزگىچە.

مەن مەھەللىدىن يىراقلاپ كىچىككىنە بىر دۆڭلۈككە كېلىپ قار ئۈستىدە ئولتۇردۇم.

ئەنە، ئاۋۇ جىلغا ئىچىگە باشلاپ كىرىدىغان تارغىنا يول قاسىنىقىدىكى ئاپپاق لېچەك ئارتقان تال ـ سۆگەت ۋە قارىياغاچلار باش باھاردىكى ھۇپپىدە ئېچىلغان نەشپۈت چېچەكلىرىنى ئەسلىتىدۇ. يىراق، يانباغىرلاردىكى مالچىلارنىڭ ئاندا ـ ساندا كىگىز ئۆيلىرى كىمدۇر بىرى ئاق داستىخان ئۈستىدە تاشلاپ كەتكەن ئاپپاق يەر قالپاقلىرىغا ئوخشايدۇ.

پۈتكۈل جاھان ئاپپاق قېلىن قارغا كۆمۈلگەن، دالىلار ئۇيقۇدىكى نازىنىن، نەپىس چۈشلەر لەززىتىگە چۆمۈلگەن.

قار، شۇ قەدەر ئاق، شۇ قەدەر پاك، كىرىستالدەك سۈزۈك ۋە يالتىراق، تېگى ـ تېگىگە قارىساڭ بالقىپ چىقار يەنە ئاق؛

بوۋامنىڭ ئايىم كۆنى كىيگەن يېڭى دوپپىسىدەك، مومامنىڭ بامدات نامىزىغا ئولتۇرغاندا ئارتىۋالغان ياغلىقىدەك، تېخى يالغان ئېيتىپ باقمىغان سەبىي بالىلارنىڭ مەسۇم قەلبىدەك كىرسىز، غۇبارسىز، پاك ۋە مۇقەددەس.

مەن بىر ئوچۇم قارنى ئاۋايلاپ ئالدىم ـ دە، ئوتلۇق

لەۋلىرىمنى ئاستا تەگكۈزدۈم. بۇنداق ئاقلىق، بۇنداق پاكلىق پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

2

مەن چەكسىز دالادا بەھۇزۇر قار كېچىپ كېتىۋاتىمەن.

توسۇن ئاتتەك، شوخ كېيىكتەك قىيغىتىپ ئەركىن بىلەن چېپىۋاتىمەن.

قەلبىم چەكسىزلىككە سىغقان كەڭلىكلەرگە تەنها ئۆزۈم پاتمايۋاتىمەن، تېرىلىرىمدىن بۆسۈپ چىقىۋاتىمەن.

چىڭدالغان، قىرچىلغان، چارچىغان، چاڭقىغان ۋۇجۇدۇم ۋە روھىم كەڭلىكلەردە يېشىندى، بوۋاقلاردەك ئەركىن يۇلقۇندى. راھەت، ھۇزۇر، ئاشقانە سۆيۈنۈش ئايىغىمدىن ئۈپقۈن بولۇپ ئۆرلەۋاتقان قارلارغا ئارىلىشىپ نېرىپلىرىمدىن ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چۈشتى.

مەن ئاشۇ كەڭلىكلەرگە سىڭىپ كەتتىم.

تومۇرۇمدا بۈيۈك يايراش ئۆركەشلىدى.

مەن ئانىنىڭ يۇمران كۆكسىگە تاشلانغان بالىدەك ماموق قار ئۈستىدە قېنىپ ـ قېنىپ دومىلاپ، غۇلاچلىرىمنى بۇركۈت قانىتىدەك كەڭ كېرىپ ئورنۇمدىن ئاستاغىنا تۇردۇم.

يول تالىشىپ قىستاش، ئورا كولاپ پۇتلاش، يەكلىنىش ۋە قېيداش، قانىتىڭنى يۇڭداش بۇ جايدا مەۋجۇت ئەمەس.

بۇنداق كەڭلىك، بۇنداق ھۆرلۈك، بۇنداق يايراش پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

3

جىلغا.

ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن بارا ـ بارا تارىيىپ،

يۈكسەكلىككە، كۈمۈش چوققىغا قاراپ ئۈزاپ كەتكەن جىلغا.

بىز جىلغىغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتىمىز، كەڭلىكلەر ئەڭ دەسلەپ تەۋەللۇت بولغان مەنزىل ۋە نۇقتىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز.

يازدا تاشلاردىن تاشلارغا سەكرەپ، ئويناقشىپ ئېقىپ چىملىقلاردىكى ساپسېرىق مامكاپلارغا كۈمۈش جۇلا تاقايدىغان، شاۋقۇنلۇق كۆيلىرى بىلەن جىلغىلارنى سادالارغا قاپلايدىغان زۇمرەت ئېقىن ئەمدى قېلىن قار ۋە مۇز ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى.

چوڭقۇر مۇڭغا پاتقان قارىغايلارنىڭ يېشىل كىرپىكلىرىدە ئاپپاق قىروۋ. قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىدىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇلار ئىسسىق ئىقلىملارغا ئارام ئېلىشقا كەتكەن چېغى.

جىلغا شۇ قەدەر جىمىت، ئۇنسىز، تىۋىشسىز، جىمجىتلىقتا سەن ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى بىر پەس ئۇنتۇپ كېتىسەن.

كېچە ـ كۈندۈز بېسىقمايدىغان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرىدىن، بىر ـ بىرىدىن يول تالىشىپ، بىر ـ بىرسىنى ئالدىرىتىپ ئۇرۇلغان ئاچچىق سىگناللاردىن، ئاشىپەزلەرنىڭ، باققاللارنىڭ، كوچا دوقمۇشلىرىدىكى كىنىشكىسىز سېتىقچىلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرىدىن؛ ئەس ـ ھوشۇڭنى ئېلىپ قاچقۇدەك رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن تانسىخانا، قاۋاقخانىلارنىڭ گۇڭگا رۇجەكلىرىدىن تىنىمسىز يامراپ چىقىدىغان يېقىمسىز مېلودىيەسىنى جاز مۇزىكىلىرىدىن ئەندىكىپ كەتكەن، چۆچۈپ كەتكەن، چىڭقىلىپ كەتكەن نېرۋىلىرىڭ بۇندا بىر پەس ئارام تاپىدۇ، يېشىلىدۇ، كۆڭلۈڭ ئېچىلىدۇ. كۆزۈڭنى يۇمۇپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر ھازا يېتىۋالىسەن.

بۇنداق تىنچلىق، بۇنداق ئاسايىشلىق پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

4

قەھرىتان قىشتا باھارنىڭ تەپتىنى سەزمەك نەقەدەر بەخت ـ ھە ! مەن جىلغىنىڭ ئىللىق، ساپ ھاۋاسىنى كۆكسۈمگە تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ نەپەسلەنگەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئەنە شۇنداق ئويلىدىم.

جىلغىنىڭ ھاۋاسى بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ خاتىرجەم، ۋەزمىن تىنىقلىرىدەك يەڭگىل ۋە پاك، ئانىنىڭ بالىنى ئاۋايلاپ ھىدلاشلىرىدەك تاتلىق ۋە ئىللىق، يېنىڭدىن كەرەشمە ئەيلەپ ئۆتكەن سۆيۈملۈك يارىڭدەك خۇشبۇي ۋە يېقىملىق.

ئۇنىڭ نەشتىرى يوق، يۈزلىرىڭنى چىقىۋالىدىغان؛ ئۇنىڭ چاڭ ـ توزانى يوق، كۆز پەردەڭنى توسۇۋالىدىغان.

بۇنداق ساپ ئىللىق ھاۋا پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

5

تىككىدە ئۆرلىگەن قۇياش يالغۇز بۇ جىلغا ئۈچۈن يارالغاندەكلا پۈتۈن نۇرىنى يىغىپ بۇ يەرگە تۆكمەكتە.

جىلغا، ئاپپاق تۆشەك سېلىنغان بۆشۈك. مەن يۇمشاق قار ئۈستىگە يېنىككىنە تاشلاندىم. بۇ تاغ گويا مېھرىبان ئانا، ئۇ تاغ گويا پاسىبان ئاتا ...

مۇڭغا پاتقان قېشىڭدا، تۇغ بوپ تۇرغان بېشىڭدا.

سۈكۈت ئىچىدە ئۇلار مەندىن نېمىلەرنىدۇر كۈتمەكتە.

يىراق، چوڭقۇر جىلغا ئىچىدىن شارقىراتمىنىڭ ئاۋازى

كەلمەكتە ...

تىنىق، كۆك، پايانسىز ئاسمانغا تىكىلدىم.

ئاسمان شۇ قەدەر سۈزۈك، تېگى - تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان زەڭگەر دېڭىزلاردەك.

ھۆرلۇقا ۋە زىلەيخانىڭ تاش ئەينىكىدەك.

مەن ئۇنىڭدىن ئانامنىڭ كۆزلىرىدىكى سەممىيلىك ۋە پاكلىقنى، ئانامنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەزمىنلىك ۋە چوڭقۇرلۇقنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بۆشۈكلەردە ئويغىنىپ، قار ئۈستىدىن يۈكسىلىۋاتقان ئىستەكلىرىم، بالىلىقتىن تۇغۇلغان رەڭدار چۈشلىرىمگە قوشۇلۇپ، ئېگىز ئاسمانغا، قۇياشنىڭ پارلاشلىرىغا سىڭىپ كەتتى.

بۇنداق سۈزۈكلۈك، بۇنداق يۈكسەكلىك پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.



## 6

قاپتالدا يانباغىرلاپ ياتقىنىمدا، قۇلىقىمغا بىر كۈي ئاڭلاندى:

سەبىي بوۋاقنىڭ تېلىقىپ كۈلۈشىدەك،
قازاق ئاقىنىنىڭ دومبىرىنى چېرتىشىدەك،
تاشۋاينىڭ زەخمەك ئۇرۇشىدەك،
ئاتلىق پولكلارنىڭ ھۇررا كۆتۈرۈشىدەك ...

بۇ كۈي قېلىن قار ئاستىدىن، جىلغىدىكى مۇزلار قېتىدىن كېلىۋاتاتتى.

مەن خاتالاشمىدىم. ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كۈي ياڭراۋاتقان شۇ نۇقتىنى ئىزدىدىم.

مۆجىزات كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. جىلغىنىڭ قاپ

ئوتتۇرىسىدا خاسىيەتلىك قۇياش بارمىقى بىلەن ئېچىپ قويغان جانان چىنىنىڭ ئاغزىدەك چوڭلۇقتىكى كاچكۇل شۇ كۆينىڭ بوغۇزى ئىدى.

«ئاھ، تاغنىڭ يۈرىكى» دېدىم مەن.

قولۇڭنى تىقساڭ بەلكىم ئۇنىڭدىن يالقۇن ئۆرلەيدۇ.

ئۇ، زېمىنىنىڭ قان تومۇرى، ئۆلمەس ھاياتلىقنىڭ تىمسالى.

ئۇ ئەنە شۇنداق كۆۋەجەپ، بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تىنمايدۇ.

ئۇ ئەنە شۇنداق تىلسىز سۆزلەيدۇ.

زىمىستان قىشتىمۇ باھار تەنتەنىسى بىلەن كۈيلەيدۇ.

مېنىڭ ئۇنىڭ ناۋالىرىغا تەڭكەش قىلىپ بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتقۇم، تولغىنىپ - تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينىغۇم، ساما سالغۇم كەلدى.

ھەي، مۇز ئاستىدىكى ئويناق كۆمۈش ئېقىن، سەن سۆكۈت ئەۋجىدىكى تاغلارنىڭ ھايات سىمفونىيەسى، دالالاردا تەلپۈنۈۋاتقان ئانا زېمىنىنىڭ يۈرەك مېلودىيەسى.

مەن كاچكۇلدىن بىر ئوچۇم سۇ ئېلىپ، سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئىچتىم، ياق، ئۇنىڭغا ئىچىلدىم. ئۇنىڭ كۈيلىرىدىن تومۇرلىرىم ئەزىم دەريادەك چىرتىلدى، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم سادالارغا، ناۋالارغا، چۇقانلارغا ئايلاندى. مەن تاغ يۈرىكىدىن كۆي بولۇپ تۆرەلدىم.

بۇنداق ھاياتلىق، بۇنداق جۇشقۇنلۇق، بۇنداق كۆي - ناۋا پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

## 7

بىز قۇياش ئەلۋەك نۇرلىرىنى سېپىپ تۇرغان بىر تۆپىلىككە قايتىپ كېلىپ ئولتۇردۇق.

تار ھەم چوڭقۇر جىلغا بىزدىن قىرىق ـ ئەللىك قەدەم نېرىدا تاغ تۈۋىنى بويلاپ يىلان باغرىدەك سوزۇلغان.

تاغ بەلبەلىرىدە بىر نەچچە توپ پادا قارىغايلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن، كۆنگەيدىكى يالىڭاچ قورام تاشلاردىن كۈن نۇرىنى كۆشەپ يالىماقتا.

ئۈشتۈمتۈت، قويلارنىڭ ئاندا ـ ساندا مەرەشلىرى ئىچىدىن بىر بوۋاقنىڭ ئىڭرىشىغا ئوخشايدىغان زەئىپ، تىترەك بىر نىدانى ئاڭلىغا قىلدىم. بۇ سادا جان ھەلقۇمىدىكى تىپىرلاشقا، بوزلاشقا، يىغىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

بىر قانچىمىز ئەندىكىش ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە قۇلاقلىرىمىزنى دىك تۇتۇپ ئەتراپقا زەن سېلىشقا باشلىدۇق. شۈبھىسىزكى، بۇ نىدا چوڭقۇر جىلغىدىن چىقىۋاتاتتى.

يۈگۈرۈپ كەلگىنىمىزدە بىر ئوغلاق نېپىز مۇزلىرى چېقىلغان ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇلاق تۈۋىگىچە سۇغا چۆككەن ھالدا نالە قىلىپ مەرەۋاتاتتى.

بىز قوللىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە ئارقان قىلىپ تۇتاشتۇرۇپ، جىلغا ئىچىگە ساڭگىلىدۇق ـ دە، ئوغلاقنى قۇتقۇزۇپ چىقتۇق.

ئولاشقانلار ئىچ ئاغرىتىشىپ «بۇ بىچارە ئانىسىدىن ئايرىلىپ سۇ ئىچىشكە چۈشكەنىكەن ـ دە، ھەي، ئۆلۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ» دېيىشتى.

كىمدۇر بىرى بويىندىكى شارپىسىنى يېشىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ تىترەۋاتقان بەدەنلىرىدىكى سۇلارنى سۈرتتى. بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئانىلىق مېھرى بىلەن ئىنچىكە بويۇنلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ۋە ئەمدىلا سېزىلىشقا باشلىغان ساقاللىرىدىكى چوكا مۇزلارنى ھورداپ ئېرىتتى. يەنە بىر دوستىمىز ئوغلاقنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن شاخ ـ شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ ئوت يېقىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئالدىدىكى ئوغلاقنىڭ چاناقلىرىدا راستىنلا سۇزۇك ياشلار لىغىرلاپ قالغانىدى. مەن پەلتويۇمنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ تېخى تولۇق قۇرۇمىغان تېنىدىن نەمخۇش ھور ئۆرلەپ تۇرغان بۇ بايقۇشنى قوينۇمغا سالدىم ...

بۇ يەردە، مۇشۇ دەقىقىدە، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا، يېگۈچى بىلەن يېيىلگۈچى ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق بىر تەبىئىي مېھرىبانلىق، ئاشۇنداق بىر سەممىي كۆيۈنۈش ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

شۇنداق، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى، ئادىمىيلىك پەزىلىتى، سەممىيىتى قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا يېتىلىدۇ ۋە تېپىلىدۇ.

8

گۈگۈم چۈشمەكتە.

يىراق ئۇپۇق ئاشقلىقتىن ئۇيقۇنى تەرك ئەتكەن يىگىتنىڭ كۆز جىيەكلىرىدەك قىزارغانىدا، بىز تاغ ئىچىدىن پايانسىز دالاغا تۇتىشىپ كېتىدىغان جىلغىدىن چىقىپ، بىر نەچچە تۈپ ئارچا يېنىدىكى تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇردۇق ـ دە، ئارچا شاخلىرىدىن گۈلخان تۇتاشتۇردۇق.

مۇزلارنى يېرىپ چىققان تار ئېقىن يېنىمىزدا شىرىلداپ بەخىرامان ئاقماقتا.

قەھۋە رەڭلىك گۈلخان سانسىز يۇلتۇزلارنى چاچرىتىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

زىلال سۇ كۆمۈش بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ ئۆز كۈيىنى ياڭراتماقتا.

ئوتنىڭمۇ ئۆز تەلپۈنۈشى بار، سۇنىڭمۇ ئۆز ئىنتىلىشى. ھەممىسىنىڭ ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىقى، يۈرەك تېپىرلىشى بار.

ئوت ھاياتلىققا يورۇقلۇق ۋە ھارارەت ئېلىپ كېلىدۇ. سۇ ھاياتلىققا نازاكەت ۋە راھەت بەخش ئېتىدۇ.

گۈلخان ئىزغىرىن شامالدا چاراسلاپ بارغانسېرى ئۇلغايماقتا.

ئوت ۋە سۇدىن كېلىۋاتقان بۇ سادالار مېنى يىراق خىيال گىرداۋىغا تاشلىدى.

گويا ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ئاتلىرىنى تاراسلىتىپ چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئېقىن بويىدا توختاپ ئاتلىرىنى سۇغاردى. كۆتۈرەڭگۈ مارش كۆمۈش قەترىلەرگە شۇڭغۇپ چۈشۈپ، لەرزان، ئەۋرىشىم، لىرىك كۈيگە ئايلاندى. كاكارلار ئېقىن بويىدا قىپقىزىل لەيلىقازاق بولۇپ ئۈنۈپ قالدى…

جىلغىدىكى تار ئېقىن كەڭلىكلەرگە قاراپ توختاۋسىز ئاقماقتا.

گۈلخان تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ لاۋۋا ئاتماقتا.

ھايات ئەنە شۇنداق گىرەلەشكەن، تىلسىم سۆيگۈلەرگە تويۇنغان.

بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىللىق ۋە ئوتلۇق، لەرزان ۋە جۇشقۇن، تىمتاس ۋە بىپايان، پاك ۋە يۈكسەك سۆيگۈ، ئىستەك، خۇشاللىق كۈي قاتماقتا.

شۇنداق، مەن بۇ ھەممىنى سۆيگەن ھەم سۆيەلەيمەن؛
تولغىنىپ ئېقىشلارنى،
لاۋۇلداپ يېنىشلارنى.
مەن بۇ يەرنىڭ باھارىنى سۆيگەن —
يېشىل پاياندار ئۈستىدىكى چېچەكلەرنى.
مەن بۇ يەرنىڭ يازىنى سۆيگەن —
تومۇزدىكى ئارامبەخش شامالىرىنى.
مەن بۇ يەرنىڭ كۈزىنى سۆيگەن —
ئالتۇن تەڭگىلەرگە تولغان ئېتەكلىرىنى.

مەن بۇ يەرنىڭ قىشىنى ھەم سۆيىمەن —
ساپلىقى، پاكلىقى، يۈكسەكلىكىنى.
چۈنكى، قەھرىتان قىش باھارغا ئەڭ يېقىن.
مەن بۇ يەرنىڭ سەھەر ھەم كۈندۈزلىرىنى سۆيگەن —
قايناق، جۇشقۇن كۈيلەرگە تولغان.
مەن بۇ يەرنىڭ كېچىلىرىنىمۇ سۆيىمەن —
يارقىن، يۇلتۇزلۇق، تىمتاس ۋە ئۇلۇغ.
چۈنكى كېچە سەھەرگە
قۇياشقا ئەڭ يېقىن!
مەن تاغلارغا قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم.
قاتمۇقات تاغلار ئاۋازىمنى ئەسلىي بىلەن قايتۇرۇپ بەردى، چىن، سەممىي، راست ۋە يەنە راست ...
چۈنكى بۇ جاي قۇياشقا ئەڭ يېقىن.
بۇ يەرنىڭ قۇشقاچلىرىمۇ شۇنداق سەممىي ۋە ئاق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.
چۈنكى، بۇ يەر قۇياشقا ئەڭ يېقىن.

1996 - يىلى، ئۈرۈمچى

# تاغ سەيلىسى

( سىكىل )

## مۇقەددىمە

تاغقا چىقتۇق بىر كۈنى
دادام بىلەن سەيلىگە.
تولدى قەلبىم ئاجايىپ
خۇشاللىقنىڭ پەيزىگە.

قىلدى مەپتۇن كۆڭلۈمنى
بۇ جايدىكى مەنزىرە.
سىزىۋالدىم قەلبىمگە
گۈزەللىكتىن ئەندىزە.

## تاغ گۈللىرى

تاغ گۈللىرى ئېچىلىپتۇ
زەپمۇ ئېسىل.
سۈتتەك ئاپپاق، ئالتۇن رەڭلىك،
چوغدەك قىزىل.

ئاسماندىكى يۇلتۇزمىدۇ
ئۇچۇپ چۈشكەن.

كۆز چاقنىتار ساناپ باقسالڭ
تۈرى مىلڭ خىل.

قاراپ ـ قاراپ تويمىدىم مەن،
قانمىدىم مەن.
پۈرىقىمۇ ئېسىل ئىكەن،
يايرىدى دىل.

چاپتىم شۇ ئان گۈللەر ئارا
كېپىنەكتەك،
تورىئۋالدى يوللىرىمنى
قىلىپ خىجىل.

دېدى ماڭا: «غۇنچە بويلۇق
ئۆسمۈر ئۆزۈڭ.
ئىلىم ـ پەننىڭ باغلىرىدا
سەنمۇ ئېچىل».

دېدىم: «ئەي گۈل، ئامرىقىمسەن،
ئۈمىدىمسەن.
ئېچىلىمەن خىسلىتىڭگە،
بولۇپ ئېجىل».

## قارىغاي

تارتتى مېنىڭ زوقۇمنى
چوققىدىكى قارىغاي.
يېشىل تۇرغاچ قىشمۇياز،
قار ـ جۇدۇنغا قارىماي.

شۇنچە قەيسەر بولسمۇ،
تاللاشماسكەن نام ـ ئاتاق.
تاللاشماسكەن ۋە ياكى
گۈزەللىكتە رەڭ ـ بوياق.

شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىمۇ
تىك چوققىدا بولاركەن.
بارچە ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ
ئاڭا كېلىپ قونار كەن.

قارىغايدەك بولسام مەن،
تولۇپ ئېسىل خىسلەتكە.
چىقىپ ئېگىز چوققىغا،
ئېرىشسەم ھەم ھۆرمەتكە.

شارقىراتما

ھەيران قالدىم ئاق كۆمۈشتەك
ئۇيناق «يىلان» غا.
تاغدىن چۈشۈپ پەسنى قاپلار
ئىكەن تۇمانغا.

نەچچە ئون گەز ئېگىزلىكتىن
چۈشسە شارقىراپ.
ئېيتىدىكەن جاراڭلىق بىر
كۈينى ۋارقىراپ.

چاچىدىكەن ئەتراپىغا
ئاپپاق ئۈنچىنى.

ئۈنچە ئەمەس ئارامبەخش
گۈلۈ غۇنچىنى.

ھۆزۈر بېرىپ يۈرەكلەرنى
كۈلدۈرەركەن ئۇ.
ئېقىن بولۇپ ۋادىغا گۈل
ئۈندۈرەركەن ئۇ.

شۇڭا ئۇنى شارقىراتما
دەيدىكەن تاتلىق.
بېغىشلىغاچ ئەلگە ھامان
گۈزەللىك، شادلىق.

بولسام مەنمۇ شارقىراتما،
توختىماي ئاقسام.
دىلغا ھۇزۇر بېرىپ، چۆلگە
گۈللەرنى تاقسام.

## بۇلاق

زوقۇم تاشتى بۇلدۇقلاپ
ئاققان سۈزۈك بۇلاققا.
ئوخشاركەن شوخ ئېقىشى
گۈزەل ناخشا ـ قوشاققا.

توختىماي ئۇ قىشمۇ-ياز،
ئاقىدىكەن ئەبەدكە.
سۈزۈكلۈكى گوياكى
ئوخشايدىكەن زۇمرەتكە.

ئىچتىم ئۇنى ئوچۇملاپ،
ياير اپ كەتتى يۈرىكىم.
ئاشتى قايتا ھەسسىلەپ
تەشنالىقىم، تىلىكىم.

نېمە ئۈچۈن قانمايدۇ
دىلىم بۇلاق سۈيىگە.
چۈنكى ئۇنى ئوخشاتتىم،
ئېلىم ـ پەننىڭ ئۆزىگە.

## تاغ شاملى

تاغ شاملى، تاغنىڭ شاملى،
گويا سەھەر چاغنىڭ شاملى.

خۇش پۇراقلىق، پاك ھەم ساپ ئۆزۈڭ،
كەلدىڭ چۈنكى گۈل پۇراپ ئۆزۈڭ.

سەن كېلىسەن يىراق ـ يىراقتىن،
تىك چوققىدىن ـ چىمەن قىرغاقتىن.

قارىغاينى ئۇسسۇلغا سېلىپ،
گۈل ـ چېچەكنىڭ بەرگىنى قايرىپ.

كۆيلىرىڭدە بەخت شادلىقى،
لەۋلىرىڭدە گۈلنىڭ تاتلىقى.

خۇش پۇراقنى ئۇرۇپ دىماقتا،
ئۆندەيسەن بۇ دىلنى قوشاققا.

تاغ شاملى غۇر ـ غۇر شوخ شامال،
ساڭا بۇندا يوقتۇر ھېچ قامال.

ئەركىن ئۇچقىن بۇ كەڭ ۋادىدا،
ھەر گىياھنى سۆيۈپ دائىما.

مەنمۇ سەندەك بولۇپ قاناتلىق،
ھاياتىمنى ئۆتكۈزەي تاتلىق.

سۆيۈپ ئۆتەي تاغنى ـ چىمەننى،
سۆيۈپ ئۆتەي ئانا ۋەتەننى.

خاتىمە



تاغقا ئامراق ئوغۇل مەن،
تاغدا يايرار يۈرىكىم.
تاغ قوينىدا قوزغالدى
يۈكسەك غايە ـ تىلىكىم.

گۈزەل ۋەتەن تاغلىرى
مەڭگۈ شۇنداق ياشنايدۇ.
كامال تېپىپ ئۆسمۈرلۈك،
چوقۇم ئاڭا ئوخشايدۇ.

## ياغقىن، قار!

قار، قار، ئاپپاق قار،
توختىماستىن ياغقىن، قار.
دەل ـ دەرەخلەر شېخىغا
كۆمۈش چېچەك تاقىغىن، قار.

قار، قار، ئاپپاق قار،
دەل ۋاقتىدا ياغقىن، قار.
يېشىل بۇغداي مايسىنى
يوتقان بولۇپ ياپقىن، قار.

قار، قار، ئاپپاق قار،
ئاق مامۇقتەك ياغقىن، قار.
مول ھوسۇللۇق كۈز ئۈچۈن،
سەنمۇ تۆھپە قاتقىن، قار.

كىيىپ يېڭى تۇماقنى،
مايلاپ راسا ئاياقنى.
تۈۋلاپ ئۈنلۈك قوشاقنى،
دائىم ئالغا چامدايمىز.
توختىماستىن ياغقىن، قار.

## قوشماق ئاداش بولدۇق بىز

ئېرىشتۇق بىز ئۇچكىدىن
قوشماق ئىككى مېغىزغا.
پەرھاد بىلەن ئىككىمىز
بىردىن سالدۇق ئېغىزغا.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قوشۇلسۇن دەپ قەلبىمىز.
بەسلىششكە ئوقۇشتا
پۈتۈلدى چىڭ ۋەدىمىز.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
يايراپ بەخت قويىندا
ياشايمىز شاد، خۇش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
ياخشى ئوقۇپ، ۋاقتنى
ئۆتكۈزمەيمىز بوش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.

تىك چوققىغا ئۆرلەيمىز،
بولۇپ ئالتۇن قۇش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
ياشايمىز قوش مېغىزدەك.
ئىلىم - پەنگە ئىشقىمىز
تاشقىنلايدۇ دېڭىزدەك.

1981 - يىلى

# ئۇ نېمە

(شېئىرىي تېپىشماقلار)

## 1

شېكەر دېسە تاتلىق ئەمەس،
ئاق تۇز دېسە ئاچچىق ئەمەس.
قىشتا كۆكتىن چۈشىدۇ،
يازدا كۆزگە كۆرۈنمەس.

## 2

كۆزى بارۇ، قېشى يوق،
سۇدىن چىقسا جېنى يوق.
بوغۇزلىماي يېسىڭىز،
بولۇر ياخشى گۆش ئوزۇق.

## 3

بىر قارىسام مۇشۇكتەك،
يېقىن كەلسەم قۇش ئۆزى.
چاشقان تۇتۇپ كېچىسى،
ئۇخلايدۇ ئۇ كۈندۈزى.

4

ئۆزى ئىلمەك ھاسدەك،
يەلپۈگۈچ بار بېشىدا.
نۇرغۇن تۆۋرۈك تىكلەكلىك
ئۇنىڭ بويىنى قېشىدا.

5

ئېغىزى كۆپ دوستۇمنىڭ،
قورسىقى بوش، قومۇش تەن.
يەل ماڭدۇرسام ئىچىگە،
ناخشا ئېيتار زەپ بەلەن.

6

ئالىيېشىل تونى بار،
قانغا تولغان قورسىقى.
قاپقارادۇر بالىلىرى،
شۇنچە نۇرغۇن سانىقى.

7

ئۇستىمۇ ئورمان،
ئاستىمۇ ئورمان.
ئوتتۇرىدا قارا مارجان،
پىلدىرلاپ تۇرغان.

8

ئىككى دوست بار بەك ياخشى،
ئايرىلمايدۇ دائىما.
ئۇخلىغاندا ماكانى
بولار دائىم پەگادا.
ئۇلار بىلەن ماڭىدۇ،
شويىندا بەل تاڭىدۇ.

9

يۈزى بار، كۆزى يوق،
پۇتى بار، قولى يوق.
ماڭالمايدۇ ئۇ بىراق،
قېنى دوستۇم ئۇنى تاپ.

10

ئۆستۈرىدۇ ئانىسى،
ئۆز تېنىدە بالىنى.
شامال چىقسا بالىسى،
ئۇرۇپ كېتەر ئانىنى.

11

كىچىككىنە بىر باتۇر،
تۇلكە تۇماقلىق.

بېشچىلاپ ماڭىدۇ،
بېلى باغلاقلىق.
ئەقلىڭ بولسا تاپ ئۇنى،
سەنمۇ يورغىلات ئۇنى.

12

ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى
تۇتىشىدۇ بۇلاققا.
تولغىنۇەتسەڭ بېشىنى،
تۆكۈرىدۇ يىراققا،
غەلىتىلا نېمە بۇ،
ھەر كىشىگە كېرەك ئۇ.

13

بىر مۈشۈك بار، جېنى يوق،
بىراق ئۆيىنى باقىدۇ.
قايتىپ كېلىپ ئىگىسى،
تۆمۈر قوزۇق قاقىدۇ.
قوزۇقىمۇ خاس ئۇنىڭ،
ئۆزىگىلا ماس ئۇنىڭ.
تاپقىن بۇنى تېزلىكتە،
رولى چوڭقۇر راست ئۇنىڭ.

14

بىر قۇتا بار يۇمىلاق،
ئىككى خىلدۇر سىياسى.

بۇزۇلمايدۇ چىگراسى،
بولسمۇ گەر ئارىسى.

15

بىر تېرەكنىڭ بېشىدا،
بەش تال شېخى بار.
ھەر بىر شاختا بىر تۇخۇم،
رەڭگى ئاپپاق قار.

## تات، تات، تات !

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
ئېسسىپ ئۇنى بوينۇمغا،
جەڭگە شۇ دەم سالدىم ئات.

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
ئانام دېدى: «ئۇنىڭدا،
شۇم ئېيىقنى چەنلەپ ئات».

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
باستىم ئاڭا ئوق قىلىپ،
غەزىپىمنى قاتمۇقات.

كەلدى ئەنە: «ئېيىقلار»،
چىلبۆرىدەك چىرقىراپ.
تات ـ تات ! قىلدىم تەگدى ئوق،
جان ئۈزۈشتى خىرقىراپ.

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.

تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەر
بولار ئۆزۈل - كېسىل مات.

تات - تاتات، تات - تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
ۋەتەن ئېزىز ئانامدۇر،
ئاپتوماتىم گاڭ قانات.

كىچىكىمدىن شۇڭا مەن،
چوڭ ئىشلارنى ئويلايمەن.
كەلگۈسىدە ۋەتەننى،
چوقۇم شۇنداق قوغدايمەن.

1979 - يىلى

# ناخشا تېكىستلىرى

## توغراق ئانا

ئاناڭ ئالتۇن توغراقمۇ؟
مېھرى ئىللىق بۇلاقمۇ؟
ئاتاڭ ئوۋدا يۈرگەندە،
چۆلدە يانغان چىراغمۇ؟

ئاپپاق بالام چوڭ بولساڭ،
پالۋانلار مېنىڭ بولسۇن.
ئاتاڭ ـ ئاناڭ كۈلگەندە،
بوستانلار سېنىڭ بولسۇن.

ئاناڭ ئىللىق بىر ئالەم،
تاشلايدۇ ساڭا سايە.
زەپەر قۇچۇپ جەڭلەردە
ئاتاڭ كېلەر مەردانە.

## باھاردىكى چۈش

يوللىرىڭغا تەلمۈرسەم
ئىشقىڭ مېنى كۆيدۈردى.

شامالللاردا تىنىقلىق،
ۋەسلىك مېنى سۆيدۇردى.

سۇزۇك سۇلار ئاقىدۇ،
سەن باغلاردا كۈلگەندەك.
كېپىنەكلەر ئوينايدۇ،
بىزلەر بىللە يۈرگەندەك.

كەل قولۇڭنى بەر يارىم،
چىڭ چىگىلسۇن رىشتىمىز.
ئېچىلايلى چوغلۇقتەك،
باھاردىكى ئىككىمىز.

سەھرادىكى مۇھەببەت

جىگدىلەر پىچىرلايدۇ،
تىنىقلىرى بەك تاتلىق.
يارىڭ ماڭا سۆزى بار،
سۆزلىمەيدۇ ئۇياتلىق.

چىمەنلىكتە ئۇچراشساق،
چېچەك ئۈزۈپ بېرەمسۇ؟
قىزىل قۇمنىڭ ئۈستىگە،
يۈرەك سىزىپ بېرەمسۇ؟

ئايغا قاراپ تويمايمەن،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
باسقان ئىزىم رەيھاندۇر،
سۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟

جىگدىلەر پىچىرلايدۇ،
يۈرىكىم تېپىرلايدۇ.

## قەدىرلىگىن ھاياتنى

ھايات بىزگە قەدىرلىك شۇنچە،
ياشىغانلار ياشاپ قانمىدى.
ياخشىلىقتىن قالدۇر نام ـ نىشان،
ئۆچكەن شاملار قايتا يانمىدى.

ياشارتىدۇ مېھنەت ئىنساننى،
ئىجاد قىلساڭ ئىزلىرىڭ رەيھان.
مېۋىلەرگە تولسۇن باغلىرىڭ،
قىلغىن دائىم ئەل ـ يۇرتنى مېھمان.

گۈل سورايدۇ باغلار سىنىڭدىن،
دىل سورايدۇ دىلكەشلەر ھامان.
ئەلنى سۆيگىن، ئەلنى سۆيۈندۈر،
قەدىرلىك بولۇر دىللاردا سۇلتان.

## ۋەتەن ئىشقى

باغ ئارا گۈللەر ئېچىلسا
قىپقىزىل لالەڭ بولاي.
سەن يېنىپ تۇرغان چىراغ،
مەڭگۈ پەرۋانەڭ بولاي.

سەندە ئالتۇن قىممىتىم،
سەندە گۈزەل زىننىتىم.

چاقنىتىپ بوينۇڭغا ئاسقىن،
ئۈنچە دۇردانەڭ بولاي.

جان ماڭا، جانان ماڭا سەن،
كۆچ ـ مادارىم ئەي ۋەتەن.
جان تەسەددۇق سەن ئۈچۈن،
جەڭدە مەردانەڭ بولاي.

## ئىناق ئائىلە

ئۆمرىمىزگە زىننەت ئەمەسمۇ،
مېھرى ئوتلۇق ئىناق ئائىلە.
ھۆرمەتلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنى،
مېھمان بولۇپ ئۆتىمىز بىللە.

بېشىم كۆككە تاقىشار مېنىڭ،
چارچىغاندا چاي تۇتساڭ ماڭا.
جاپالارنى تارتىسەڭ يەتكۈچە،
ماھۇق كۆرپە سېپ بېرەي ساڭا.

سەن گويا باغ، مەن بىر تاغ بولۇپ،
بالىلارنى چوڭ قىلدۇق ئوماق.
ئۆيىمىزدە ئاي بار، يۇلتۇز بار،
مەن پەرۋانە، سەن نۇرلۇق چىراغ.

بېقىشارمىز ئاي بىلەن كۈندەك،
ئىززەت ـ ھۆرمەت بىزلەرگە زىننەت.
ئىناق ـ ئىجىل ياشايمىز گۈلدەك،
چىن سۆيگۈمىز ئۆلمەيدۇ ئەبەت.

# مەردلىك قىسسەسى

(باللادا)

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.
— خەلق ماقالى

## 1

گۈركىرەيدۇ شىددەتلىك بوران،
ئارغىماقتەك ئاتلار ئىزىدىن.
قىلىچلارنىڭ يالتىرىشىدەك،
ئوتلار چاقنار مەردلەر كۆزىدىن.
نەرە تارتىپ كېلەر زور قوشۇن،
سەپ ئالدىدا غالىب سەركەردە.
ئۆتكۈزۈلگەن ياۋنىڭ كاللىسى،
قولىدىكى پولات شەمشەرگە.
جەڭ ئوتىدا تاۋلانغان شۇتاپ،
سەركەردىنىڭ ئالمىدەك يۈزى.
ئاھۇ كۆزدە بۈركۈتچە نىگاھ،
(سۇمبۇل چاچلىق ئايال ئۇ ئۆزى).
ياۋ تىترىتىدۇ قوشۇن بىتىنىم،
شادلىق ئارا زەپەر كۈيىنى.

تەۋرىتىدۇ شاۋقۇنى ئۇنىڭ،
قان بوپ ئاققان ئامۇ[1] سۇيىنى:
«مەردلىك بىلەن غالىبمىز مەڭگۇ،
بۇ مەردلىكنى ئۆگەتكەن ۋەتەن.
ئانا ئەلگە خىرىس قىلسا كىم،
ئۆز بېشىنى يەيدۇ ئۇ جەزمەن!»
ئۇلتۇر ئوغلۇم، — ئۇندىدى بوۋام،
— سۆزلەپ بېرەي بۇ ھېكايىنى.
ۋەتەن سۆيۈش يولىدا سەنمۇ،
تىكلە شۇنداق ئۇلۇغ غايىنى...

## 2

نەچچە، نەچچە ئەسىر مۇقەددەم،
بىر ئايال شاھ ئۆتكەن بۇ يۇرتتا.
ئەلگە ئېلىپ كەلگەن سائادەت،
تەڭسىزلىكنى كۆيدۇرۇپ ئوتتا.
ئادالەت ۋە مەردلىك بىلەن ئۇ،
تاپقانىدى ئالەمچە شۆھرەت.
خەلقى ئۇنى سۆيەتتى چەكسىز،
دۆلىتىمىز تاپقانتى قۇدرەت.
بۇ ماكانىنىڭ غەربىي چېتىدىن،
ئەزىم دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى.
چىمەنزارلىق ۋادىسىدا ئەل،
قوي، يىلقىلار بېقىپ ئۆتەتتى.
قويلار سېمىز، خۇددى ئۆزىنى

---

① ئامۇ — دەريا ئىسمى.

كۆتۈرەلمەي ھېرىپ كېتەتتى.
ئارغىماقتەك داڭدار ئاتلارنى
قوشنا ئەللەر ئېلىپ كېتەتتى.
چەكسىز كەتكەن ئېكىنزارلاردا،
بۇغداي، شالدىن ئالاتتى ھوسۇل.
بەرباپ، غوڭقا چېلىپ دېھقانلار،
مۇقاملارغا ئوينايتتى ئۇسسۇل.
ئاچارچىلىق ھەمدە سېلىقتىن
قىلماس ئىدى قىلچە ئەندىشە.
ئاتلىرىغا تېگىشىپ گەزمال،
شايىدىن تون كىيگەن ھەمىشە.
بىناكارلىق تېپىپ ھەم روناق،
بىنا بولغان ئاجايىپ قەسىر.
راۋاقلارنىڭ نەقىش ـ زىننىتى
يۈرەكلەرنى قىلاتتى ئەسىر.
ئىجادكار خەلق قەلبلىرىدە
چېچەك ئاچقان ئىلىم ـ مەرىپەت.
راۋاج تاپقان زامانغا لايىق
سودا ـ سېتىق، ھۈنەر ۋە سەنئەت.
ئۈجمە دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن
ئىجاد قىلغان سۈپىتە قەغەزنى.
شائىرلىرى ئەشئارلار يازغان،
ئوبراز بىلەن بېرىپ پەدەزنى.
چەكسىز بايلىق ئىدى بۇ ئەلگە،
قېزىپ پۈتمەس ئالتۇن كانلىرى.
رۇدىلاردىن پولات ئاققۇزغان،
قۇياش تەپتىلىك پىچ گۈلخانلىرى.
سوقار ئىدى ھۈنەرۋەنلىرى

نۇردىن ئۆتكۈر قىلىپ شەمشەرنى.
غىلاپىغا ھەمدە سىپىغا
نەقىش قىلىپ قوياتتى زەرنى.
ساۋۇت، قالقان، كەمەرلىرىمۇ
بېزىلەتتى ئالتۇن - كۈمۈشتە.
نەيزىلىرى ئىككى - ئۈچ غۇلاچ،
موھتاج ئىدى يولۋاستەك كۈچكە.
ئوۋ قىلاتتى پالۋانلار تاغدا،
يىرتقۇچ ئاڭا گويا ئىدى قۇل.
بوراندەك تېز ئۇچسا ئاتلىرى،
ئوقياسىمۇ تېگەتتى ئۇدۇل.
گۆشنى يەپ، تېرىلىرىدە
بازارلارنى قىلاتتى ئاۋات.
ئەل قولىدا ئالتۇن تەڭگىلەر،
يىپەك، شايى ئىدى قاتمۇقات.

......

مەمۇرچىلىق، ئاسايىشلىقتا
شۇنچە قۇۋناق ئۆتەتتى ھايات.
شاھ ھەم ئاۋام شاد ئىدى، بولغاچ
دۆلەت كۈچلۈك، خەلقى باياشات.

3

داڭقى كەتكەن بۇ ئەلنىڭ ھەريان،
چۈشەر ئىدى جاھان نىگاھى.
يات مەلئۇنلار، قارا نىيەتلەر
خىرىس قىلىپ كېلەتتى گاھى.

بۇ دۆلەتكە قوشنا بىر ئەلنىڭ
يالماۋۇز بىر شاھى بار ئىدى.
ئاجىزلارنى يالماپ تويمىغان،
قارنى گويا چەكسىز غار ئىدى.
ئۇ جاھاندا ئۆزىنى گويا
تەڭدىشى يوق غالىب سېزەتتى.
ئايال شاھنىڭ گۈزەل يۇرتىغا
قورسىقىدا توڭگۈز كېزەتتى.
ئويلايتتى ئۇ، ئەتراپىمدىكى
تالاي يۇرتلار ئىلكىمگە ئۆتتى.
مەن - مەن دېگەن ئەركەكلەرمۇ ھەم،
تىغ ئالدىدا تىزىنى پۈكتى.
كىمكى ئەگەر تۇرسا تاقابىل،
رەھىم قىلماي ئىچتىم قېنىنى.
بويسۇنمىغاچ ئېرىڭمۇ شۇ چاغ،
ئالغاندىم ئۇنىڭ جېنىنى.
قۇدرىتىمنى قىلىپ نامايان،
قىلاي يەنە غالىب يۈرۈشنى.
ئالىقىنىمغا ئالارمەن تەختىڭ،
ئىلكىڭدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى.
كۆزلىرىمدىن قانلار كەتكۈزگەن
ئاي جامالىڭ ماڭا مەنسۇپتۇر.
قۇچىقىمدا ئويىنارسەن بىر كۈن،
ئېھ، بۇلاق كۆز، مېنى كۈتۈپ تۇر...
شۇنداق رەزىل شۇم نىيەت بىلەن،
باشلاپ نەچچە ئون مىڭ لەشكەرنى
كېلىپ قالدى دەريا بويىغا،
مەغرۇرانە كۆزلەپ زەپەرنى.

## 4

ئايال شاھقا يېتىپ بۇ خەۋەر،
نەرە تارتتى غەزەپ دولقۇنى.
قانلىق جەڭگە قىلدى دالالەت،
تىغ تۇتقۇزۇپ قىساس يالقۇنى.
ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ئېلىنى،
خەلقىنى ئۇ قىلدى سەپەرۋەر.
دېدى: «قاراپ تۇرالامدۇق بىز،
ئانا يەرگە كەلسە شۇم خەتەر.
بېرەلەمدۇق ياۋايىلارغا،
ئەزىم دەريا، ئالتۇن تاغلارنى.
تۆكۈپ قان ـ تەر، بېرىپ قۇربانلار
بىنا قىلغان گۈزەل باغلارنى.
بىز تۆرەلدۇق مۇشۇ تۇپراقتا،
ياشاپ كەلدۇق ئەۋلادتىن ئەۋلاد.
تەقدىرىمىز شۇ ئالتۇن دىيار،
ئۇ ئامانكى بىزمۇ ھەم ھايات.»
قۇدرەت تېپىپ شاھنىڭ سۆزىدىن،
ئەل غەزەپتە باغلىدى كەمەر.
تەييارلىدى ئېسىل پولاتتىن
كۈرمىڭ قالقان، نەيزە ۋە شەمشەر.
ئەللىك مىڭ ئەر، ئەللىك مىڭ ئايال،
پىداكار بوپ ئۇيۇشتى دەرھال.
ئايال شاھى بولدى سەركەردە،
مەردلىكتە ئۇ تاپقاچقا كامال.
قوشۇن سەرخىل ـ ياراغلار تولۇق،

ئاتلار دۈلدۈل، ئەسكەر مەردانە.
چەبدەس بولۇپ شۇندا ئايال شاھ،
باسقۇنچىغا يوللىدى نامە:
«بىز تىنچلىقنى سۆيىمىز، لېكىن،
قان ئىچمەكتۇر سېنىڭ نىيىتىڭ.
سەن بوغۇلغان قەرز ئازمىدى،
قانخور دېمەك سېنىڭكى ئېتىڭ.
ئېلىشىشقا تەييارمىز ھامان،
ئەمما مەرد بول، قىلما نامەردلىك.
بىز ئۆتەيلى دەريادىن، ياكى،
سەن ئۆتسەڭ بىز بىرەيلى ئەپلىك.»
ئايال شاھنىڭ مەردانىلىكىدىن،
قوشۇنىنىڭ پالۋانلىقىدىن،
بۇ تەڭداشسىز قۇدرەت ئالدىدا،
ئۆزىنىڭ بەك سەرسانلىقىدىن،
ئەجەل پۇراپ بۇرنىغا دەرھال،
باسقۇنچى ياۋ ئەيلىدى مىكىر.
يېڭىپ چىقماق بولدى يەنىلا،
ئايال شاھقا ئىشلىتىپ سېھىر.
ئايال شاھنىڭ ئەلچىلىرىنى،
نامە ئېلىپ كەلگەن ئوغلىنى،
شاراب بىلەن مەست قىلدى جاللات،
خۇپىيانە ئالدى جېنىنى.
پۇتۇن ئەل ـ يۇرت كەلدى غەزەپكە،
باسقۇنچىنىڭ بۇ شۇملۇقىدىن.
شۇنداق قەسەم قىلدى ئايال شاھ،
ملىڭ ئۆرتىنىپ پەرزەنت دېغىدىن:
«ئەي، قانخۇمار، نەيرەڭلىرىڭدىن

ھۇزۇرلىنىپ كەتمە ماختىنىپ.
مەككارلىقلىڭ، نامەردلىكىڭدىن،
قالالمايسەن ھېچقاچان تېنىپ.
مېنىڭ قەلبىم پەرزەنتىكلا ئەمەس،
ئەل ـ يۇرت ئۈچۈنمۇ كۆيۈپ ياندۇ.
خەلقىم كۈچلۈك يۆلەكداش ماڭا،
ئارمانلىرىم چوقۇم قاندۇ.
خەلقىم نامى، قۇياش نامىدا،
شۇنداق قەسەم بېرەي جاھانغا،
تەندىن جۇدا قىلىپ بېشىڭنى،
سۇغىرىمەن ئاخىرى قاندا.»
سەپ بېشىدا ئايال سەركەردە،
قوشۇن جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى.
مەردلەر گويا ئېتىلدى شىردەك،
ياۋنىڭ بېلى قاتلىنىپ كەتتى.
سەپ ئالدىدا ئايال سەركەردە،
مەلئۇنلارنى باردۇ قوغلاپ.
قىلىچلاردىن چاقىدۇ چاقماق،
ياۋ كاللىسى چۈشەر دوملاپ.
سەپ ئالدىدا ئايال سەركەردە،
ئۇ يېتىلگەن قەيسەر قوماندان.
رەقىب بىلەن چۈشتى روبىرو،
غەزەپ كۈچى كۆتۈرۈپ ۋولقان.

......

سەپ ئالدىدا غالىب سەركەردە،
مەلئۇنلارنى باردۇ قوغلاپ.

لەشكەرلىرى كۆتۈرۈپ بوران،
يېڭى مارشنى ياڭرىدۇ تولۇپ.

5

قايتتى مەردلەر يۇرتىغا ئامان،
باستۇرۇلدى ياۋنىڭ غەلۋىسى.
قىلدى خۇشال قوشنا ئەللەرنى،
ئايال شاھنىڭ بۈيۈك غەلبىسى.
سادىق بولۇپ يۇرتى ـ خەلقىگە،
قەسىمىگە قىلدى ئۇ ئەمەل.
قىلىپ جەڭدە ئەرلەرچە مەردلىك،
رەقىبىگە يوللىدى ئەجەل.
ئەل ئالدىدا چىقىپ مۇنبەرگە،
شاھ سۆزىنى شۇنداق باشلىدى،
(شەمشىرىدىن ياۋنىڭ بېشىنى،
قانغا تولغان داسقا تاشلىدى):
«سەن ياشىغان ھارامىلىق بىلەن،
قان ـ قېنىڭغا سىڭگەن جىنايەت.
بىز غالىبمىز مەردلىك بابىدا،
چۈنكى مەڭگۈ بىزنىڭ ئادالەت.
ئۆز لەۋزىمگە قىلىپ مەن ئەمەل،
بېشىڭ ئېلىپ سۇغاردىم قانغا.
يوقتۇر شۇنداق ياخشى ئاقىۋەت،
ئۆزگە ئەلگە خىرىس قىلغانغا.»

......

شۇندىن بۇيان بۇ ئەلنىڭ خەلقى،
بەخت ئىچرە يايرىشىپ ئۆتتى.

ئۆز يۇرتىنى سۆيگەچكە جاندىن،
قۇياش دائىم قۇت نۇرىن تۆكتى...

ئېرىپ كەتتى جىسمىم سىمابتەك،
تۇگەتكەندە بوۋام قىسسىنى.
ئەجدادلارغا ھۆرمەت كەلكۈنى
دولقۇنلىتىپ ئېپ كەتتى مېنى.
بوۋام ئېيتقان بۇ ھېكايىنى،
ئېيتىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز.
ئۇنىڭدىن كۈچ ـ قۇدرەت تاپىدۇ،
ئېيتىپ مەڭگۈ ئەۋلادلىرىمىز.

1983 ـ يىلى

# يېرىم ئاسمان

(شېئىرلار)

ئاپتورى: مۇختار مەخسۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۇل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 2827472 - 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25
نەشرى: 2012 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2012 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 - 1
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14959 - 9
باھاسى: 20.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-14959-9

9 787228 149599 >

定价：20.00元